دىنىمنى ئۆگىنىمەن

ياش ـ ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن
ھېكايىلەر بىلەن رەسىملىك

# دۇئا كىتابى

ئەرەبچە دۇئالار، ئۇيغۇرچە ئوقۇلۇشى ۋە مەنىسى

**نەشرگە تەييارلىغۇچىلار:**

ئاسىم ئۇيسال

مۇرشىدى ئۇيسال

**تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى:**

پەرىدە

**(3 ـ قىسىم)**

## اَعُوذُ بِاللّٰهِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ

«قوغلانغان شەيتاننىڭ شەررىدىن (ئەسكىلىكىدىن) ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن.»

## بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّ حِيمِ

«ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.»

**راھمان:** دۇنيادا نېمەتلەرنى ئىمان ئېيتقان ۋە ئىمان ئېيتمىغان ھەممە كىشىگە، بارلىق مەخلۇقاتلارغا بەرگۈچى دېگەن مەنىدە.

**راھىم:** ئاخىرەتتە پەقەتلا ئىمان ئېيتقان بەندىلەرگە رەھمەت قىلغۇچى دېگەن مەنىدە.

بىز مۇسۇلمانلار ھەر قانداق ئىشنى «بىسمىللاھ» دەپ باشلايمىز. بىسمىللاھتا: «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن» دەيمىز. مانا مۇشۇ ئىشەنچ بىلەن باشلانغان ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ئەلۋەتتە خەيرلىك بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھقا چىن كۆڭلىدىن دۇئا قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدۇ» دېگەن ئىدى. چىن يۈرەكتىن چىققان دۇئالار ئاللاھقا دەرھال يېتىپ بارىدۇ.

چىن كۆڭۈلدىن ئاللاھقا يالۋۇرۇش، ئاللاھقا ئىشىنىش شۈبھىسىزكى، ئەڭ ئۈمىتسىز چاغلاردىمۇ كىشىنى ھۇزۇرغا ۋە مۇۋەپپىقىيەتكە ئېرىشتۈرىدۇ.

دۇئا دۇنيادىكى قىيىنچىلىقلار، مۈشكۈللۈكلەر ئالدىدا ئىنسانغا كۈچ ـ قۇۋۋەت بېرىدۇ.

ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دېگەن:

## فَاذْكُرُونِي اَذْكُرْكُمْ

**«مېنى دۇئا ۋە ئىبادەت بىلەن ئەسلەڭلار، مەنمۇ سىلەرنى ساۋاپ بېرىش ۋە ئەپۇ قىلىش بىلەن ئەسلەي.»**

# دۇئا ھەققىدە سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەۋسىيىلىرى

«قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا ئاللاھنى ياد ئېتىپ ياردەم تەلەپ قىلغان كىشى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلغان راھەت چاغدىمۇ دۇئا قىلسۇن.»

«بەندە: يا رەببى! يا رەببى! دېگەن چاغدا ئاللاھ: لەببەيك (كەلدىم) بەندەم، تىلە، تىلىگىنىڭ بېرىلىدۇ دەيدۇ.»

«**دۇئا** - رەھمەت ئىشىكلىرىنىڭ ئاچقۇچى، مۆمىنىنىڭ قورالى، دىنىنىڭ تۈۋرۈكىدۇر.»

«**دۇئا**- ئىبادەتتۇر، ئىبادەتنىڭ يىلىكىدۇر.»

«گۇناھ بولىدىغان بىر ئارزۇ ۋە يېقىنلىرى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش ئارزۇسى سىرتىدىكى بارلىق دۇئالار ئۈچۈن، ئۇلۇغ ئاللاھ دۇئا قىلغۇچىغا تۆۋەندىكى ئۈچ نەرسىدىن بىرىنى بېرىدۇ:



1- تىلىگىنى ئىجابەت قىلىدۇ.
2- ياكى تىلىگىنى ئاخىرەت ئۈچۈن ساقلاپ قويىدۇ.
3- ياكى دۇئاسى سەۋەبىدىن بىرەر يامانلىقنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرىدۇ.

شۇڭا كۆپ دۇئا قىلايلى، ئاللاھ دۇئايىمىزنى قوبۇل قىلىدۇ.» دېدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام.

## دۇئانىڭ پايدىلىرى

**دۇئا** - رىزقنىڭ كەڭرى بولۇشىغا، سالامەتلىكنىڭ ياخشى بولۇشىغا، ئۆمرىنىڭ بەرىكەتلىك بولۇشىغا سەۋەپ بولىدۇ.

**دۇئا** - روھنىڭ غىزاسى، قەلبنىڭ نۇرى، ئىبادەتنىڭ ماھىيىتىدۇر.

**دۇئا** - ئازاپ-ئوقۇبەتلەرنىڭ، ماددى ۋە مەنىۋى دەرتلەرنىڭ شىپا مەنبەسىدۇر.

**دۇئا** - ئۈمىد ۋە ھۇزۇر مەنبەسىدۇر. ياشاش ئاشقىنى تىرىلدۈرىدۇ.

**دۇئا** - ياخشىلىقنى چىللاپ كېلىدۇ، پالاكەت ۋە زىياننى قوغلايدۇ.

**دۇئا** - ئىنساننى بالا- قازادىن ساقلايدۇ، پالاكەتلەرنىڭ تەسىرىنى ئازايتىدۇ.

## دۇئا قىلىشتىكى ئەدەپ- قائىدىلەر

**دۇئا** مۇتلەق ھالدا قوبۇل قىلىنىدىغان بىر ئىبادەتتۇر. لېكىن دۇئانى پەيغەمبىرىمىز قىلغاندەك ۋە بىزگە ئۆگەتكەندەك ئۇشبۇ شەرتلەرگە ئۇيغۇن قىلىش كېرەك:

1- ھالال يولدىن پۇل تېپىش، ھالال يېمەك-ئىچمەكلەر بىلەن ئوزۇقلىنىش كېرەك.
2- تاھارەتلىك بار بولۇش، قىبلە تەرەپكە ئالدىنى قىلىپ، قولىنى يۇقىرىغا قارىتىپ ئېچىش كېرەك.
3- دۇئانى ئەئۇزۇ- بىسمىللاھ، ئاللاھقا ھەمدۇ- سانا ۋە پەيغەمبىرىمىزگە دۇرۇت (ئاللاھۇممە سەللى ئالا سەييىدىنا مۇھەممەد) ۋە سالام يوللاش بىلەن باشلاش كېرەك.
4- ناھەق ئىش قىلىشتىن ئۇزاق تۇرۇش ۋە تۆۋبە قىلىش كېرەك.
5- گۇناھ ئىش قىلىشنى ئارزۇ قىلماسلىق كېرەك.
6- دۇئانىڭ مەقبۇل بولىدىغانلىقىغا چىن كۆڭۈلدىن ئىشەنگەن ھالدا، يالۋۇرغان ھالدا قىلىش كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئاسىنى ئۈچ قېتىم تەكرارلايتتى.
7- دۇئا قىلغۇچى كىشى ئۆزىگە ۋە باشقا مۇسۇلمانلارغا زىيانلىق تىلەك تىلىمەسلىكى كېرەك.
8- ئائىلىسىگە، بالا- ۋاقىلىرىغا ۋە مال- مۈلكىگە بەددۇئا (يامان دۇئا) قىلماسلىقى كېرەك.

9 ـ دۇئا ئەسناسىدا ۋاقىراپ ـ جاقىرىماسلىقى، بېشىنى ئاسمانغا تىكىلىپ قاراتماسلىقى كېرەك.
10 ـ ئۆلۈكتىن، قەبرىدىن، ئەۋلىيادىن ئەمەس، بىۋاستە ئاللاھتىن تىلەش كېرەك.
11 ـ خامۇش، گاراڭ ھالەتتە نېمە دەۋاتقانلىقىنى ھىس قىلالمايدىغان ھالدا تۇرۇپ دۇئا قىلماسلىق كېرەك.




12 ـ پەيغەمبىرىمىزدىن ۋە ساھابىلەردىن (پەيغەمبىرىمىزنى كۆرگەنلەردىن) كەلگەن دۇئالار بىلەن دۇئا قىلىش كېرەك.
13 ـ دۇئاغا باشلىغاندا ئوقۇغاندەك، دۇئانى تۈگەتكەندىن كېيىنمۇ ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانا ۋە ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇش ۋە سالام يوللاش بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇش كېرەك.
14 ـ دۇئانىڭ ئاخىرىدا «ئامىين!» دەپ ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى سىلىشى كېرەك.


## دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىتلار

1 ـ بەش ۋاخ پەرز نامازنىڭ كەينىدىن قىلىنغان دۇئا.
2 ـ تەڭ كېچىدىن كېيىن (سەھەر ۋاقتىدا) قىلىنغان دۇئا.
3 ـ ئەزان بىلەن پەرز ناماز ئۈچۈن ئوقۇلغان قامەت ئارىسىدىكى ۋاقىتتا قىلىنغان دۇئا.
4 ـ نامازدا سەجدىدە قىلىنغان دۇئا.
5 ـ جۈمە كۈنى قىلىنغان دۇئا.
6 ـ رامىزان كېچىسى، ئارافە كېچىسى، رامىزان ۋە قۇربان ھېيت كېچىلىرى، مىراج كېچىسى، بارائەت ۋە قەدىر كېچىسى قاتارلىق ۋاقىتلار دۇئالار بەك ئىجاۋەت بولىدىغان ۋاقىتلاردۇر.
7 ـ بېشىغا بالا ـ قازا كەلگەندە، قىيىنچىلىقلا ئۇچرىغاندا دۇئاسىنىڭ مەقبۇل بولىشىنى ئارزۇ قىلغان كىشى بالا ـ قازا قىيىنچىلىققا ئۇچراشتىن ئىلگىرى كۆپ دۇئا قىلىشى كېرەك.

## دۇئاسى ئىجابەت بولىدىغانلار



1 ـ كېسەل كىشىنىڭ قىلغان دۇئاسى
2 ـ روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئىپتار ۋاقتىدا قىلغان دۇئاسى،
3 ـ ھاجىنىڭ ھەج مەزگىلىدە قىلغان دۇئاسى،
4 ـ بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلمان قېرىندىشى ئۈچۈن قىلغان دۇئاسى مەقبۇل دۇئادۇر.
5 ـ مەزلۇمنىڭ (زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىنىڭ) بەددۇئاسى (زالىمنىڭ يامان كۈنگە قېلىشىنى تىلەپ قىلغان دۇئاسى)،
6 ـ مۇساپىرنىڭ دۇئاسى،
7 ـ ئاتا ـ ئانىنىڭ پەرزەنتى ئۈچۈن قىلغان دۇئاسى مەقبۇل بولىدىغان دۇئادۇر.



## ئاللاھنىڭ بەندىلەرگە مەرھەمتى

ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە بولغان مەرھەمتى ۋە ئەپۇ قىلىشى بىر ئانىنىڭ بالىسىغا بولغان مېھرى ـ مۇھەببىتىدىنمۇ كۆپتۇر.
ئاللاھتائالا 100 مەرھەمتىنىڭ بىرىنى يەر يۈزىگە چۈشۈرگەن. بۇ يۈزدە بىر رەھمەت تۈپەيلى بارلىق ئىنسانلار، ھايۋانلار، جىمى مەۋجۇداتلار بىر بىرىنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە قوغدايدۇ.

# هېكايە: سەكراتتا تىلى تۇتۇلۇپ قالغان ئادەم



بىر ئايال پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كېلىپ مۇنداق دېدى:

- ئەي ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئىنىم ئۇزۇن زاماندىن بۇيان ئاغرىق ئىدى. ھازىر ئۆلۈش ئالدىدا سەكراتتا ياتىدۇ. تىلى تۇتۇلۇپ قالدى، قانچە تىرىشسىمۇ كەلىمەئى-شاھادەتنى ئېيتالمايۋاتىدۇ. ئىمانسىز كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قالدىم.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز:

- ئىنىڭنىڭ قانداق گۇناھى بار ئىدى؟ ئاللاھنىڭ قايسى ئەمرلىرىگە ئەمەل قىلمايتتى؟ - دەپ سورىدى.

- ئىنىم ياخشى ئادەم ئىدى، ھەممە كىشىگە ياخشىلىق قىلاتتى، ياردەم بېرەتتى. پەقەت ئانىسىغىلا ھۆرمەت قىلمايتتى، بەزىدە ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن كۆڭلىنى ئاغرىتاتتى. - دېدى ئايال.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايالغا:

- سەن بېرىپ ئىنىڭنىڭ ئانىسىنى مېنىڭ يېنىمغا چاقىرىپ كەلگىن. - دېدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ياشانغان بىر موماي ھاسىسىغا تايىنىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مومايدىن ئوغلىنىڭ ئەخلاقىنى سورىدى.

موماي:



- ئەي ئاللاھنىڭ رەسۇلى! ئوغلۇم بەك ياخشى ئادەم. ئەمما بەزىدە مېنى بىكاردىن بىكار ئازارلاپ، كۆڭلۈمنى ئاغرىتىدۇ. مەن ئۇنىڭدىن رازى ئەمەسمەن. - دېدى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مومايغا:

- ئۇنداق بولسا، سەن رازى بولمىغان ئوغلۇڭنى ئاخىرەتتە ئاللاھ جەھەننەمگە تاشلايدۇ. ئاخىرەتتە جەھەننەمدە كۆيۈشنىڭ ئورنىغا مۇشۇ دۇنيادىلا كۆيسۇن. ئوغلۇڭنى ئوتقا ئاتايلى. - دېدى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ياشانغان ئانىنىڭ مېھرى-شەپقەت تۇيغۇلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، يېنىدىكىلەرگە مۇنداق دېدى:

- تېز ئوتۇن ئەكىلىپ، چوڭ بىر گۈلخان يېقىڭلار! بۇ ئايالنىڭ ئوغلىنى ئوتتا كۆيدۈرەيلى. - دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان موماي ئوغلىغا رازى بولمىغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ، پەيغەمبىرىمىزگە يالۋۇرۇشقا باشلىدى:



ـ ئەي رەسۇلۇللاھ! ئوغلۇمنى ئوتتا كۆيدۈرمەڭ! مەن ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي رازى!

موماي ئوغلىدىن رازى بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېنىدا تۇرغان بىر ساھابىگە:

ـ تىلى تۇتۇلۇپ قالغاچقا كەلىمەئى ـ شاھادەتنى سۆزلىيەلمىگەن ئاغرىق كىشىنىڭ يېنىغا بېرىپ قاراپ بېقىڭلار. تىلى يەنە تۇتۇلۇغلۇقمۇ؟ ـ دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان ساھابە دەرھال يولغا چىقىپ، ئاغرىق كىشىنى يوقلىدى. ئۇنىڭ گەپ قىلالايدىغان ھالغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئاغرىق كىشى:

**«ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللاللاھ ۋە ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن ئابدۇھۇ ۋە رەسۇلۇھ.»** دەپ ئاخىرەتكە ئىمان بىلەن كەتتى.



## نەسىھەتلەر:

* ئانا ـ ئانىغا ناچار مۇئامىلە قىلماسلىق، ئۇلارنىڭ بەددۇئاسىنى ئالماسلىق كېرەك.

* يىغلىسا ئانام يىغلار، باشقىسى يالغان يىغلار. موماي ئوغلىنىڭ ئوتقا تاشلىنىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندا ئانىلىق يۈرىكى بۇنىڭغا چىدىماي، ئوغلىنى ئەپۇ قىلدى.

## بىر دۇئا:

يا رەببى! يا راھمان! يا راھىم!

بىزگە ياخشىلىق بەرگىن، بىزنى ھەر خىل يامانلىقتىن، پالاكەتتىن ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغىن.

ئاتا ـ ئانامنى ئەپۇ قىلغىن ۋە بىزنى نىجاتلىققا ئېرىشتۈرگىن...

دۇئالارنى ئىجابەت قىلغۇچى ئەي ئاللاھىم!

بىزگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە گۈزەللىك ۋە ياخشىلىق ئاتا قىلغىن.

بىزنى جەھەننەم ئازابىدىن ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغىن.

ئەقلىمىزنى ۋە قەلبىمىزنى پايدىلىق ئىلىملەر بىلەن نۇرلاندۇرغىن.

## شۈكۈر



تۇتۇش ئۈچۈن قول بەردىڭ،
سۆزلەش ئۈچۈن تىل بەردىڭ،
پۇراش ئۈچۈن گۈل بەردىڭ،
رەببىم! ساڭا كۆپ شۈكۈر.

ماڭىمىز ئاياق بەردىڭ،
ئاڭلايمىز قۇلاق بەردىڭ،
ئاغزىمىزغا تەم بەردىڭ،
رابىم! ساڭا كۆپ شۈكۈر.

شۇ گۈزەل چېچەك ئۈچۈن،
ئۇچقان كىپىنەك ئۈچۈن،
يەۋاتقان تاماق ئۈچۈن،
رابىم ساڭا كۆپ شۈكۈر.

ئانام ئۈچۈن ئاللاھىم،
دادام ئۈچۈن ئاللاھىم،
سەن بەرگەن ھەممە ئۈچۈن،
رابىم ساڭا كۆپ شۈكۈر.

## ھەمىشە ۋە ھەر يەردە ئوقۇلىدىغان دۇئالار

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «تىلدا ئېيتىسا يېنىك، تارازىدا تارتسا ئېغىر كېلىدىغان، مېھرىبان ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ئىككى سۆز بار. بۇلار:

**سُبْحَانَ اللّٰهِ وَبِحَمْدِهِ، سُبْحَانَ اللّٰهِ الْعَظِيمِ**

ئاللاھ جىمى نوقسان سۈپەتلەردىن پاكتۇر، ئۇنىڭغا ھەمدۇ-سانا ئېيتىمەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئاللاھنىڭ نەزىرىدە سۆزلەرنىڭ ئەڭ گۈزىلى تۆتتۇر:



**سۇبھانallaھ:** ئاللاھ نوقسان سۈپەتلەردىن پاكتۇر.

**ئەلھەمدۇلىللاھ:** جىمى ھەمدۇ-سانا ئاللاھقىلا خاستۇر.

**لا ئىلاھە ئىللاللاھ:** بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر.

**ئاللاھۇ ئەكبەر:** ئاللاھ ئەڭ ئۇلۇغدۇر.

بۇ سۆزلەردىن قايسىسى بىلەن دۇئا قىلساڭ قىل.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىم كۈندە يۈز قېتىم:

**لاَ اِلٰهَ اِلاَّ اللّٰهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ**

«ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر؛ ئاللاھ بىردۇر. ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقتۇر. مۈلۈك ئاللاھنىڭدۇر، ھەمدۇ-سانا ئاللاھقىلا خاستۇر، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر (كۈچى يېتىدۇ)» دېسە، ئون قۇل ئازات قىلغاندەك ساۋاپقا ئېرىشىدۇ، يۈز ياخشىلىق ساۋابى يېزىلىدۇ، يۈز گۇناھى ئۆچۈرۈلىدۇ ۋە ئۇشبۇ دۇئانى ئوقۇغان كۈنى شەيتاننىڭ شەررىدىن ساقلىنىدۇ.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «كىم كۈندە يۈز قېتىم:

**سُبْحَانَ اللّٰهِ وَبِحَمْدِهِ**

«ئاللاھ جىمى نوقسان سۈپەتلەردىن پاكتۇر، جىمى ھەمدۇ-سانا ئاللاھقىلا خاستۇر» دېسە، دېڭىز كۆپۈكىدەك كۆپ گۇناھى بولسىمۇ ھەممىسى ئەپۇ قىلىنىدۇ.»

بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ماڭا بىر سۆز ئۆگىتىپ قويسىڭىز.» دېدى. بۇنىڭغا جاۋابەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

**اَللّٰهُمَّ اغْفِرْلِي وَارْحَمْنِي، وَاهْدِنِي وَارْزُقْنِي**

«ئاللاھىم! مېنى ئەپۇ قىل، ماڭا مەرھەمەت قىل، مېنى ھىدايەت قىل، ماڭا رىزىق بەر.» دېگىن دېدى.

ئەبۇ مۇسا ئەل-ئەشئەري مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: «جەننەت خەزىنىلىرىدىن بىرىگە ئېرىشىش يولىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ ساڭا؟» دېدى. مەن: «ماقۇل! ئەي رەسۇلۇللاھ، كۆرسىتىپ قويغىن.» دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

**لاَ حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ اِلاَّ بِاللّٰهِ**

ئىبادەتكە كۈچ چىقىرىش ۋە گۇناھلاردىن ساقلىنىش پەقەت ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەنلا مۇمكىن بولىدۇ.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز پات-پات (ياكى كۈندە يۈز قېتىم):

**لاَ اِلَهَ اِلاَّ اللّٰهُ مُحَمَّدٌ رَسُولُ اللّٰهِ**

«ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر.» دېيىشىمىزنى تەۋسىيە قىلغان ئىدى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز يەنە كۆندە يەتمىش قېتىم ياكى يۈز قېتىم:

## أَسْتَغْفِرُ اللّٰهَ الْعَظِيمْ

«ئۇلۇغ ئاللاھتىن ئەپۇ قىلىشىنى تىلەيمەن» دەپ دۇئا قىلىشقا بۇيرىغان.

بۇ دۇئانىمۇ تەۋسىيە قىلغان:

## بِسْمِ اللّٰهِ تَوَكَّلْتُ عَلَى اللّٰهِ

«مەن تەۋەككۇل قىلغان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).»

# مۆئمىن بىر ۋاقىتتىلا ئەمەس، بەلكى ھەر ۋاقىت ئوقۇسا ياخشى بولىدىغان دۇئالار

## بالا ـ قازادىن ساقلىنىش، ھۇزۇر ۋە سائادەت تىلەش دۇئالىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆپ ۋاقىتلاردا بۇ دۇئانى ئوقۇيتتى:

## رَبَّنَا آتِنَا فِى الدُّنْيَا حَسَنَةً وَفِى الْآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ

ئاللاھىم! دۇنيادا بىزگە ياخشىلىق ئاتا قىلغىن. ئاخىرەتتىمۇ بىزگە ياخشىلىق ئاتا قىلغىن. بىزنى جەھەننەم ئوتىدىن ساقلىغىن.

بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ مۇنداق دېدى: «ئەي رەسۇلۇللاھ! رەببىمدىن تىلەيدىغان چاغدا نېمە دەي؟» پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا:

## اَللّٰهُمَّ اغْفِرْلِى وَارْحَمْنِى وَعَافِنِى وَارْزُقْنِى

«ئاللاھىم! مېنى ئەپۇ قىل، ماڭا مەرھەمەت قىل، ماڭا ئاپىيەت بەر (سالامەت قىلغىن)، مېنى رىزىقلاندۇرغىن.» دېگىن. بۇ سۆزلەر سېنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىڭدا ئەسقاتىدۇ» دېدى.

ئەتىگەندە ئۆيىمىزدىن چىققاندا ھەر خىل بالا ـ قازادىن ساقلىنىش ئۈچۈن، «ئىخلاس، فەلەق ۋە ناس» سۈرىسىنى ۋە ئايەتەل ـ كۇرسىينى ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلغان.

# يېگەندە ۋە ئىچكەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّ حِيمَ

«ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.»

## يېمەك دۇئاسى

ئەلھەمدۇلىللاھ ئەلھەمدۇلىللاھ،
بۇ نېمەتنى بەرگەن ئاللاھ،
پەيغەمبىرىم رەسۇلۇللاھ،
ھەر يېگەندە دەي بىسمىللاھ.

كۆپەيسۇن ئاز قالمىسۇن،
تاشسۇن تۆكۈلمىسۇن،
داۋامى ئۈزۈلمىسۇن،
دائىم خۇشال يېيىلسۇن.

ئۈتمۈشتىكىلەرنىڭ روھى ئۈچۈن،
ساقلارنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن،
دەرتلەرگە دەرمان ئۈچۈن،
پەقەت ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن، ئەل-
فاتىھە.

## يېمەك دۇئاسى

تاماقنى يېمەي تۇرۇپ،
قول ئاچتىم ئاللاھ ساڭا،
ئەقىل، ساقلىق، راستچىللىق،
گۈزەل ئەخلاق بەر ماڭا.

يېمىسەم چوڭ بولمايمەن،
مەكتەپكە بارالمايمەن،
تاماقنى تىز تىز يەيلى،
مەكتىۋىمىزگە بارايلى،
بىزنى ياراتقان ئاللاھقا،
دائىم دۇئا قىلايلى.



## يېمەك دۇئاسى

ئەئۇزۇبىللاھى مىنەششەيتانىرراجىيم،
بىسمىللاھىرراھمانىرراھىيم.

ئەلھەمدۇلىللاھ - ئەلھەمدۇلىللاھ - ئەلھەمدۇلىللاھىللەزى ئەتئامەنا، ۋە سەقانا ۋە جەئالەنا مىنەلمۇسلىمىين. ئاللاھۇممەجئال نىمەتەنا دائىمەن ۋە ئەرزاقەنا ۋاسىئان ۋە ئەۋلادەنا سالىھان ۋە ئۇلۇمەنا نافىئان ۋە لا تۇساللىت ئالەينا زالىمەن ۋە ئەل-ھىقنا بىس-سالىھىن. ئاللاھۇممە ئىننا نەسئەلۇكە تامامەننىئمە ۋە داۋامەلئافىيە ۋە ھۇسنەلخاتىمە. نىئمەتۇ جەلىيلۇللاھ، بەرەكەتۇ خەلىيلۇللاھ، شەفائاتۇ يا رەسۇلۇللاھ. ئاللاھۇممە زىد ۋەلا تەنكۇس بى ھۇرمەتىل فاتىھا.

مەنىسى:

لەنەتلەنگەن شەيتاننىڭ شەررىدىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن. ۋە ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن يېيىشنى باشلايمەن. بىزگە يېگۈزگەن، ئىچكۈزگەن ۋە مۇسۇلمانلاردىن قىلىپ ياراتقان ئاللاھقا چەكسىز ھەمدۇ-سانالار بولسۇن. ئەي ئاللاھىم! نېمەتلىرىمىزنى داۋاملىق، رىزقىمىزنى كەڭ، پەرزەنتلىرىمىزنى گۈزەل ئەخلاقلىق، ئىلىملىرىمىزنى پايدىلىق قىلغىن. زالىملارنى بىزدىن يىراق قىلغىن. ۋە بىزنى گۈزەل ئەخلاقلىقلار بىلەن بىرلىكتە قىلغىن. ئەي ئاللاھىم! بىز سەندىن ياخشى ئۆلۈم، ھەمىشە ساغلاملىق ۋە مول نېمەت تىلەيمىز. ئەي ئاللاھىم! بىز سەندىن نېمىتىڭنى، بەرىكىتىڭنى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ شاپائىتىنى تىلەيمىز. ئەي ئاللاھىم! نېمەتلىرىڭنى كۆپەيتكىن، ئازايتمىغىن. ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ئەل-فاتىھە.

## تاماق يېيىشنى باشلىغاندا ئوقۇلىدىغان بىر دۇئا

اَللّٰهُمَّ بَارِكْ لَنَا فِيمَا رَزَقْتَنَا، وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ، بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّ حِيمَ



ئاللاھىم، بىزگە رىزىق قىلىپ بەرگەن نېمەتلىرىڭنى بەرىكەتلىك قىلغىن، كۆپەيتكىن ۋە بىزنى جەھەننەم ئازابىدىن ساقلىغىن. بىسمىللاھىررەھمانىرراھىيم.



### يېيىش ئەدەبى

1- يېيىشتىن ئىلگىرى قول يۇيۇلىدۇ.

2- بىسمىللاھ بىلەن باشلاپ دۇئا قىلىنىدۇ.

3- تاماقنى ئۆزىنىڭ ئالدىدىن ئوڭ قولدا ئېلىپ يېيىش كېرەك.

4- تاماقنى ئاغزى لىق توشقۇچە ئاغزىغا تىقىۋەرمەسلىك،

5- تاماقنى پۈدىمەسلىك،

6- ئاغزىدا لىق تاماق تۇرۇپ گەپ قىلماسلىق،

7- تاماقنى ئەيىپلىمەسلىك ۋە ياراتماسلىق قىلماسلىق،

8- تاماقتىن كېيىن، نېمەت بەرگۈچى ئاللاھقا پەيغەمبىرىمىز دۇئا قىلغاندەك شۈكۈر دۇئاسى قىلىش،

9- يېمەك-ئىچمەكلەرنى ئالغان ۋە تەييارلىغان ئاتا-ئانىغا رەھمەت ئېيتىش،

10- تاماقتىن كېيىن يەنە قول يۇيۇپ، چىش چوتكىلاش كېرەك.



# هېكايە: شەيتاننىڭ تاماققا شېرىك بولىشى



پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن ھۇزەيفە مۇنداق دەيدۇ: «بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بىلەن بىللە ئىدۇق. ئالدىمىزغا بىر داستىخان سېلىندى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن ئىلگىرى تاۋاققا قول ئۇزاتمايتتۇق. ئۇنىڭ يېيىشنى باشلىشىنى ساقلاۋاتساق، بىر كىچىك قىز كېلىپ داستىخانغا ئولتۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا باشلىشىنى كۈتمەيلا تاماققا ئالدىراپ قولىنى ئۇزاتتى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز كىچىك قىزنىڭ قولىنى تۇتۇپ، تاماقنى ئالغىلى قويمىدى.

بىر دەمدىن كېيىن چۆلدە ياشايدىغان بىر بەدەۋى (سەھرالىق) كەلدى. ئۇمۇ ئالدىراش قولىنى تاماققا ئۇزاتتى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭمۇ قولىدىن تۇتۇپ، يېگىلى قويمىدى ۋە بىزگە مۇنداق دېدى:

- ئاللاھنىڭ ئىسمىنى سۆزلىمەي تۇرۇپ يېگەن تاماققا شەيتان شېرىك بولىدۇ. شەيتان تامىقىڭلارغا شېرىك بولۇش ئۈچۈن ئاۋۋال شۇ كىچىك قىزنى ئەكەلدى. مەن ئۇنىڭ قولىدىن تۇتىۋالدىم. ئاندىن ئاۋۇ بەدەۋى كىشىنى ئەكىلىپ، تاماققا شېرىك بولماقچى بولدى. مەن بەدىۋىنىڭمۇ قولىنى تۇتتۇم، شەيتاننىڭ شېرىك بولۇشىنى توستۇم.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز سۆزىنى تۈگىتىپ، «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم» دەپ قولىنى تاۋاققا ئۇزاتتى. بىزمۇ يېيىشكە باشلىدۇق.

### نەسىھەتلەر:

* «بىسمىللاھ» يېمەكلىككە بەرىكەت ئېلىپ كېلىپ، يېگۈچىلەرنىڭ تويۇشىغا ھەسسە قوشىدۇ. «بىسمىللاھ» بىلەن باشلاپ يېمىگەن تاماققا شەيتان شېرىك بولۇپ، تائامنىڭ بەرىكىتىنى ئازايتىۋېتىدۇ.

### پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام تاماقتىن كېيىن مۇنداق دەپ دۇئا قىلاتتى:

اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِى اَطْعَمَنَا وَسَقَانَا وَجَعَلَنَا مُسْلِمِينَ

بىزگە يېگۈزگەن، ئىچكۈزگەن ۋە بىزنى مۇسۇلمان قىلغان ئاللاھقا ھەمدۇ-سانا ئېيتىمەن.

بىزگە بۇ نېمەتلەرنى بەرگۈچى ئاللاھ بەندىلەرگە ناھايىتى مېھرى-شەپقەتلىكتۇر. بىزمۇ ئەتراپىمىزدىكىلەرگە مېھرى-شەپقەتلىك بولايلى.



## ھېكايە: ئىتقا سۇ بەرگەن ئادەم



بىر كۈنى بىر ئادەم يولدا كېتىۋېتىپ بەك ئۇسساپ كېتىپتۇ. يولدا بىر قۇدۇقنى تېپىپ، خوش بولۇپ قۇدۇققا چۈشۈپ سۇ ئىلىپ ئىچىپتۇ. قانغۇدەك سۇ ئىچكەندىن كېيىن قۇدۇقتىن سىرتقا چىقىپتۇ.

بۇ ئادەم قۇدۇقنىڭ يېنىدا بىر ئىت كۆرۈپتۇ. ئىت ئۇسساپ-چاڭقاپ كەتكەنلىكتىن تىلىنى چىقىرىپ يەرنى يالاۋاتقان ئىكەن. ئادەمنىڭ ئىتقا ئىچى ئاغرىپ، ئۆز-ئۆزىگە:


- بۇ ھايۋانمۇ ماڭا ئوخشاش بەك ئۇسساپ كېتىپتۇ. - دەپ، قۇدۇقتىن سۇ ئىلىش ئۈچۈن بىر قاچا ئىزدەپتۇ، لېكىن تاپالماپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن تەكرار قۇدۇققا چۈشۈپ، كەشىنىڭ ئىچىگە لىق سۇ ئىلىپ، سۇ توشقۇزۇلغان كەشنى ئېغىزىدا چىشلەپ قۇدۇقتىن يامىشىپ سىرتقا چىقىپ، ئۇسساپ ھالسىزلىنىپ كەتكەن ئىتقا سۇ بېرىپتۇ.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بۇ ھېكايىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن:

- ئاللاھ بۇ ئادەمنىڭ ئىتنى سۇغارغانلىقىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلدى. - دېدى.

## ھېكايە: مۈشۈكنى سولاپ قويغان ئايال



بىر ئايال مۈشۈككە ئاچچىقلاپ، ئۇنى ئۆيگە سولاپ قويۇپتۇ. يېگۈدەك ھېچنەرسە بەرمەپتۇ. بىچارە مۈشۈك ئاچلىقتىن، سۇسىزلىقتىن قىينىلىپ، ئىشىكنى تاتىلاپ مياڭلاپتۇ. بىراق ئاچچىقى يامان ئايال مۈشۈكنىڭ مياڭلىغىنىغا پىسەنت قىلماي، يېگۈدەك نەرسە بەرمىگەننىڭ ئۈستىگە مۈشۈكنى سىرتقا چىققىلى قويۇپمۇ بەرمەپتۇ. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز:

- بۇ ئايال بىر مۈشۈكنى ئۆيگە سولاپ قويغانلىقى ئۈچۈن جەھەننەمگە كەتتى. - دېدى.

### نەسىھەتلەر:

* مېھرى-شەپقەت قىلمىغانغا مېھرى-شەپقەت قىلىنمايدۇ. سىلەر يەر يۈزىدىكىلەرگە مېھرى-شەپقەت كۆرسىتىڭلاركى، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەرىشتىلىرى سىلەرگە مېھرى-شەپقەت كۆرسەتسۇن.

* ھېچقانداق ياخشىلىق ۋە يامانلىقنى كىچىك چاغلىماسلىق كېرەك.

### بىسمىللاھ دېيىشنى ئۇنتۇپ قالغاندا قانداق قىلىش كېرەك؟

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن: تاماق يەيدىغان چاغدا «بىسمىللاھ» دەڭلار. ئەگەر باشتا بۇنى دېيىشنى ئۇنتۇپ قالساڭلار، ئېسىڭلارغا كەلگەندە مۇنداق دەڭلار:

بِسْمِ اللّٰهِ اَوَّلَهُ وَآخِرَهُ

ھەم باشتا ھەم ئاخىرىدا ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن).

## ھېكايە: بىسمىللاھنىڭ پەزىلىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئولتۇراتتى. بىر ئادەم تاماق يەۋاتاتتى. ئادەم ئاخىرقى لوقما قالغۇچە بولغان ئارىلىقتا بىسمىللاھ دېمىگەن ئىدى. ئاخىرقى لوقمىنى ئاغزىغا ئالماقچى بولغاندا: «بىسمىللاھى ئەۋۋەلەھۇ ۋە ئاخىرەھۇ» دېدى.

بۇنى ئاڭلاپ پەيغەمبىرىمىز كۈلگەندىن كېيىن مۇنداق دېدى: شەيتان بۇ كىشى بىلەن بىرلىكتە يەۋاتاتتى، لېكىن ئادەم ئاللاھنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىشى بىلەنلا شەيتان يېگەنلىرىنى قۇستى.

## ھېكايە: تۈگىمىگەن تاماق

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ۋە مۇسۇلمانلار مەدىنە شەھرىدە ياشايتتى. مەككە شەھرىدىكى دۈشمەنلەر مەدىنىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولىۋاتاتتى. پەيغەمبىرىمىز بۇنىڭدىن خەۋەردار بولدى. شۇنىڭ بىلەن شەھەرنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن مەدىنىنىڭ ئەتراپىغا چوڭ چوڭ خەندەكلەرنى كولاشقا باشلىدى.

پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىرلىكتە بارلىق مۇسۇلمانلار پۈتۈن كۈچى بىلەن خەندەك قېزىشقا كىرىشىپ كەتكەن ئىدى. ھېرىپ چارچاپ كېتىۋاتاتتى. ھاۋا سوغۇق ئىدى. ئۇلارنىڭ قورسىقى بەكلا ئېچىپ كەتتى. مۇسۇلمانلاردىن بىرەيلەن:

- ئەي رەسۇلۇللاھ! قورسىقىمىز ئېچىپ كەتتى. ئاچلىقتىن قورسىقىمىزغا تاش باغلىۋالدۇق. - دېدى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزمۇ قورسىقىنى كۆرسەتتى، ئۇمۇ ئاچلىقتىن كەمىرىنىڭ ئاستىغا ئىككى دانە تاش باغلىغان ئىدى.

بۇ مەزگىللەر ئاچارچىلىق ئاپىتى يۈز بەرگەن ۋاقىتلار بولۇپ، كىشىلەر كۆپ چاغلاردا ئاچ سۇسىز ياشايتتى.

بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ دوستلىرىدىن ھەزرىتى جابىر ئۆيىگە كېلىپ ئايالىغا:



- پەيغەمبىرىمىزنى ئاچ قالغان ھالدا كۆردۈم. ئۆيدە يېگۈدەك بىرەر نەرسە بارمۇ؟
- دەپ سورىدى. ئايالى:

ـ ئۆيدە ئاۋۇ ئوغلاق بىلەن بىر نەچچە سىقىم ئارپىدىن باشقا بىر نەرسە يوق. ـ دېدى.

ھەزرىتى جابىر دەرھال ئوغلاقنى بوغۇزلىدى. ئايالى ئارپىنى ئىزىپ ئۇن قىلدى. گۆشنى خۇمرىنىڭ ئىچىگە سالدى. ئارپا ئۇنىدا خېمىر يوغۇرۇپ، خېمىرنى بۆلدۈردى. خۇمرىنى قىزىغان تونۇرنىڭ ئىچىگە قويۇپ پىشۇرۇشقا باشلىدى.

ھەزرىتى جابىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى چاقىرىپ كېلىشكە مېڭىۋىدى، ئايالى:

ـ تاماقنىڭ ئاز ئىكەنلىكىنى بىلسەن. مېنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالدىدا خىجىل قىلما. بۇ تاماق پەقەت بىر قانچە كىشىگىلا يېتىدۇ. ـ دەپ ئاگاھلاندۇردى.

ھەزرىتى جابىر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ ئەي رەسۇلۇللاھ! ئازىراق تامىقىمىز بار ئىدى. بىزنىڭ ئۆيگە تاماققا كەلسىڭىز. ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ تامىقىڭلار قانچىلىك؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ تۆت سىقىم ئارپا ئۇنىدا يېقىلغان نان بىلەن بىر كىچىك ئوغلاقنىڭ گۆشى. ـ دېدى ھەزرىتى جابىر.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز كۈلۈمسىرىدى.

ـ ھەم كۆپ ھەم مەززىلىك تاماق ئىكەن. ـ دېگەندىن كېيىن:

ـ ئايالىڭغا ئېيتقىن، مەن كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا نان بىلەن گۆشنى تونۇردىن ئالماي تۇرسۇن. ـ دېدى. ئاندىن پەيغەمبىرىمىز خەندەكتە ئىشلەۋاتقانلارغا قاراپ:

ـ ئەي خەندەك قېزىۋاتقانلار! جابىر بىزگە زىياپەت بەرمەكچى. يۈرۈڭلار، جابىرنىڭ ئۆيىگە بارايلى. ـ دەپ چاقىردى.

جابىر بۇنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى ۋە غەمگە پاتتى. ئەمما قولىدىن باشقا ئىش كەلمەيتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ تاماق پەقەت بىر قانچە كىشىگىلا يېتەتتى. بۇنچە كۆپ كىشىگە بۇ تاماقنىڭ يېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇلارنى ئويلاپ، غەمكىن ھالدا ئۆيىگە كەلدى. ئايالىغا:

ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گۆش بىلەن ناننى تونۇردىن ئالماي تۇرۇشۇڭنى ئېيتتى. خەندەكتىكىلەرنىڭ ھەممىسى پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىرلىكتە كېلىۋاتىدۇ. ئەمدى قانداقمۇ قىلارمىز؟ ـ دېدى. ئايالى:



ـ تاماقنىڭ ئاز ئىكەنلىكىنى ئېيتمىدىڭمۇ؟ ـ دېدى. جابىر:

ـ ئېيتتىم. ـ دېدى. ئايالى:

ـ ئۇلارنى سەن چاقىردىڭمۇ ياكى پەيغەمبىرىمىز چاقىردىمۇ؟ ـ دېدى.

- پەيغەمبىرىمىز چاقىردى. - دېدى جابىر. ئايالى راھەت بىر نەپەس ئېلىپ:

- ئونداق بولسا، غەم قىلما! ئۇ بىزدىن ياخشى بىلىدۇ. - دېدى.

بىر دەمدىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز باشقا مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە يېتىپ كەلدى. گۆش ۋە ناننىڭ بەرىكەتلىك بولۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلدى. جابىرنىڭ ئايالىغا:

- نان يېقىش ئۈچۈن بىر ئايال چاقىرغىن. سەن بىلەن بىللە نان ياقسۇن. گۆشنى خۇمىدىن بىر چۆمۈچ بىر چۆمۈچتىن ئالغىن. خۇمىنى تونۇردىن ھەرگىز چىقارمىغىن. - دەپ تاپىلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەممەيلەننىڭ ھەيرانلىق نەزىرى ئاستىدا تونۇردىن بىر نان ئېلىپ، ئۈستىگە بىر پارچە گۆشنى قويدى. ھەر بىر مۇسۇلمانغا ئايرىم ئايرىم تارقىتىپ بېرىشكە باشلىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارغا:

- بىسمىللاھ دەپ باشلاپ يەڭلار. - دېدى.

كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى تويغۇدەك يېدى. لېكىن نان بىلەن گۆشتە قىلچە ئازلاش يوق ئىدى.

كېيىن پەيغەمبىرىمىز جابىر ۋە ئۇنىڭ ئايالىغا:

- قالغىنىنى سىلەر يەڭلار، خولۇم- خوشنىلىرىڭلارغا بېرىڭلار. چۈنكى ھازىر ئاچارچىلىق مەزگىلى بولغاچقا خەلق ئاچلىق ئىچىدە تۇرىۋاتىدۇ. - دېدى.

ھەزرىتى جابىر ئۇ كۈنكى ئەھۋال ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

- ئاللاھ ئىسمى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، كەلگەنلەر مىڭ كىشى ئىدى. ھەممىسى تويغىدەك يېيىشتى. شۇنداقتىمۇ خۇمىرىمىزدىكى گۆش ئازلاپ قالماي قايناپ تۇراتتى. نېنىمىزمۇ قىلچە ئاز قالمىدى. ئۇنىڭدىن بىز يېدۇق. خوشنىلىرىمىزغىمۇ بەردۇق.

## مېھمان ئۆزىنى مېھمان قىلغۇچىغا قىلىدىغان دۇئا

## اَللّٰهُمَّ بَارِكْ لَهُمْ فِيمَا رَزَقْتَهُمْ، وَاغْفِرْلَهُمْ وَارْحَمْهُمْ

ئاللاھىم! سەن بۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەرگە بەرىكەت ئېھسان قىلغىن. بۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلغىن ۋە ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن.

### مېھمان كۈتۈش ئەدەبى

پەيغەمبىرىمىز: «ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان كىشى مېھمىنىنى ياخشى كۈتىۋالسۇن.» دېگەن.

1. مېھماننى خوشچىراي كۈتىۋال.
2. مېھمانغا ياخشى نەرسىلەرنى سوغا قىل.
3. مېھمانغا ياخشى سۆز قىل.



## ئۇخلاش ئالدىدا ۋە ئويغانغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئالار

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئۇخلاش ئالدىدا

**بِاسْمِكَ اللّٰهُمَّ اَحْيَا وَاَمُوتُ**

بىسمىكەللاھۇممە ئەھيا ۋە ئەمۇتۇ

«ئاللاھىم! سېنىڭ ئىسمىڭ بىلەن تىرىلىمەن ۋە ئۆلىمەن.» دەيتتى.

ھەزرىتى ئائىشە مۇنداق دېگەن:

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر كېچىسى ئۇخلايدىغان چاغدا ئالقانلىرىنى ئېچىپ، ئىخلاس، فەلەق ۋە ناس سۈرىسىنى ئوقۇپ يۈزىگە سۈرەتتى. بۇنى ئۈچ قېتىم تەكرارلايتتى.»



### ئۇخلاش ئالدىدىكى دۇئا

ياتتىم قاراپ ئوڭ تەرەپكە،
ئۆرۈلدۈم سول تەرەپكە،
تاياندىم ئاللاھىمغا،
پەرىشتىلەر گۇۋاھ بولسۇن،
دىنىمغا ۋە ئىمانىمغا،
ئەتىگەن قوپسام ئىنشائاللاھ،
ئەشھەدۇ ئەن لا ئىلاھە ئىللاللاھ.
......
ياتتىم ئاللاھ ئويغات مېنى،
رەھمىتىڭگە قاندۇر مېنى،
جان بەدەندىن چىققاندا،
ئىمان بىلەن ئەپكەت مېنى.
بامدات نامىزىغا ئويغات مېنى.

### ئويغانغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئويغانغاندا ھەمىشە مۇنداق دەيتتى:

**اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِى اَحْيَانَا بَعْدَ مَا اَمَاتَنَا وَاِلَيْهِ النُّشُورُ**

(ئۆلگەندىن كېيىن) بىزنى تىرىلدۈرگەن ئاللاھقا ھەمدۇ-سانا (شۈكۈر) ئېيتىمەن؛ (قىيامەتتە) تىرىلگەندىن كېيىن بارىدىغان يەر ئۇنىڭ (ئاللاھنىڭ) دەرگاھىدۇر.



سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز:

«سىلەر ئۇخلاۋاتقان ۋاقتىڭلاردا شەيتان ئېڭىكىڭلارغا ئۈچ يىپ باغلايدۇ. ھەر بىر يىپنى چىڭ باغلاپ: «كېچە ئۇزۇن بولسۇن، ئۇخلا ...» دەيدۇ. ئەگەر كىشى ئويغىنىپ (خالىغان دۇئانى ئوقۇپ) ئاللاھنى زىكىر قىلسا، بىر يىپ ئۈزۈلىدۇ. ئەگەر تاھارەت ئالسا، يەنە بىر يىپ ئۈزۈلىدۇ. ئەگەر ناماز ئوقۇسا، شەيتان باغلىغان بارلىق يىپلەر ئۈزۈلىدۇ ۋە كۆڭلى خوش، خۇشال كەيپىياتتا سەھەرنى كۈتىۋالىدۇ. بۇنداق قىلمىسا (ئويغانغاندا دۇئا قىلمىسا، تاھارەت ئالمىسا، ناماز ئوقۇمىسا) كۆڭلى بىئارام، خامۇش، گالۋاڭ ۋە ھورۇن ھالەتتە سەھەرنى كۈتىۋالىدۇ.» دېگەن.

## ئۇخلاش ئەدەبى



1 ـ ئۇخلاش كىيىمى كىيىش،

2 ـ يوتىنى يۇيۇش،

3 ـ ئورۇن كۆرپە سېلىش،

4 ـ ئىخلاس، پەلەق ۋە ناس سۈرىلىرىنى ئوقۇپ، ئالقانغا ئۈپلەپ، پۈتۈن بەدەننى سىلاش،

5 ـ ئوڭ تەرىپىنى بېسىپ يېتىش،

6 ـ قورساقنى بەك تويغۇزۇپ ياتماسلىق،

7 ـ ئىلاجى بار دۈم ياتماسلىق،

8 ـ بالدۇر يېتىپ، سەھەر تۇرۇش،

9 ـ ئويغانغاندا دۇئا قىلىش،

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئۇلۇغ ئاللاھ خالىغان بىر كىشىنىڭ روھىنى ئۇنىڭغا قايتا بېرىپ، ئۇنى ئويغاتقىنىدا، ئۇ كىشى ئەگەر بۇ دۇئانى ئوقۇسا، دېڭىز كۆپۈكىدەك كۆپ گۇناھى بولسىمۇ، ئاللاھ ئۇنى مەغپىرەت (ئەپۇ) قىلىدۇ:

**لاَ اِلٰهَ اِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ**

**ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، يالغۇز ئۇ باردۇر. ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر. مۈلۈك ئۇنىڭدۇر، ھەمدۇ ـ سانا ئۇنىڭغىلا خاستۇر، ئۇ ھەر ئىشقا قادىردۇر (كۈچى يېتىدۇ).**

# ئەتىگەندە ۋە كەچتە ئوقۇلىدىغان دۇئالار


پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا بۇ دۇئانى داۋاملىق ئوقۇيتتى:

**اَللّٰهُمَّ اِنِّى اَسْاَ لُكَ الْعَافِيَةَ فِى الدُّنْيَا وَفِى الْآخِرَةَ، اَللّٰهُمَّ اِنِّى اَسْاَ لُكَ الْعَفْوَ وَالْعَافِيَةَ فِى دِينِى وُدُنْيَاي وَ اَهْلِى وَمَالِى، اَللّٰهُمَّ اسْتُرْ عَوْرَاتِى وَآمِنْ رَوْعَاتِى، اَللّٰهُمَّ احْفَظْنِى مِنْ بَيْنِ يَدَيَّ وَمِنْ خَلْفِى وَعَنْ يَمِينِى وَعَنْ شِمَالِى وَمِنْ فَوْقِى، وَاَعُوذُ بِعَظَمَتِكَ اَنْ اُغْتَالَ مِنْ تَحْتِى**

ئاللاھىم! مەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سەندىن ئاپىيەت (سالامەتلىك) تىلەيمەن. ئاللاھىم! دىنىم، دۇنيالىقىم، ئائىلەم ۋە مال-مۈلكۈم ھەققىدە سەندىن ئامان-ئېسەنلىك تىلەيمەن. ئاللاھىم! ئەيىپلىرىمنى باشقىلارغا كۆرسەتمە، مەن قورقىدىغان ئىشلاردىن مېنى خاتىرجەم قىل. ئاللاھىم! ئالدىمدىن، كەينىمدىن، ئوڭ تەرىپىمدىن، سول تەرىپىمدىن ۋە ئۈستۈمدىن كېلىدىغان پالاكەتلەردىن مېنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلا. ئاستى تەرەپتىن تويۇقسىز كېلىدىغان پالاكەتلەرگە قارشى سېنىڭ بۈيۈكلىكىڭدىن پاناھ تىلەيمەن.

## ئەتىگەن ۋە كەچتە ھاشىر سۈرىسىنىڭ ئاخىرقى ئۈچ ئايىتىنى ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرغاندا ئۈچ قېتىم: **«ئەئۇزۇ بىللاھىسسەمىئىل ـ ئالىمى مىنەششەيتانىرراجىيم»** (قوغلانغان شەيتانغا قارشى ھەر ئىشنى ئاڭلىغۇچى ۋە بىلگۈچى ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن) دېگەندىن كېيىن ھاشىر سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدىكى ئۈچ ئايەتنى ئوقۇسا، ئاللاھ ئۇ كىشىگە يەتمىش مىڭ پەرىشتىنى خىزمەتكە تەيىنلەيدۇ، بۇ پەرىشتىلەر ئاخشامغا قەدەر ئۇنىڭغا رەھمەت تىلەيدۇ. بۇ كىشى ئاشۇ كۈنى ئۆلسە، شەھىت سۈپىتىدە ئۆلىدۇ. بۇ ئايەتنى ئاخشام ئوقۇسىمۇ شۇنداق بولىدۇ.



شۇڭا ئەتىگەن ۋە ئاخشام نامازدىن كېيىن ھاشىر سۈرىسىنىڭ ئاخىرقى ئۈچ ئايىتىنى ئونتۇپ قالماي، ھەر كۈنى ئوقۇش كېرەك.

اَعُوذُ بِاللّٰهِ السَّمِيعِ الْعَلِيمِ مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّ حِيمَ
هُوَ اللّٰهُ الَّذِي لآ إِلَهَ إِلَّا هُوَ ، عَالِمُ الْغَيْبِ وَالشَّهَادَةِ هُوَ الرَّحْمٰنُ الرَّحِيمُ
هُوَ اللّٰهُ الَّذِي لآ إِلَهَ إِلَّا هُوَ الْمَلِكُ الْقُدُّوسُ السَّلَامُ الْمُؤْمِنُ الْمُهَيْمِنُ
الْعَزِيزُ الْجَبَّارُ الْمُتَكَبِّرُ سُبْحَانَ اللّٰهِ عَمَّا يُشْرِكُونَ هُوَ اللّٰهُ الْخَالِقُ الْبَارِئُ
الْمُصَوِّرُ لَهُ الْأَسْمَآءُ الْحُسْنَى يُسَبِّحُ لَهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَهُوَ
الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ

**مەنىسى:** ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ يۇشۇرۇننى، ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر، ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر (يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) كەڭ رەھمەت ئىگىسىدۇر. ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ (مۇتلەق) پادىشاھتۇر (يەنى پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ مالىكىدۇر)، پاكتۇر (يەنى ھەممە نۇقساندىن پاكتۇر)، (مۆمىنلەرگە) سالامەتلىك بېغىشلىغۇچىدۇر، (دوستلارنى قورقۇنچتىن، ئازاپتىن) ئەمىن قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر. غالىپتۇر، قەھر قىلغۇچىدۇر، ئۇلۇغلۇق ئىگىسىدۇر، (مۇشرىكلارنىڭ) شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر. ئاللاھ (ھەممىنى) ياراتقۇچىدۇر، (يوقلۇقتىن) پەيدا قىلغۇچىدۇر، (ھەممە نەرسىگە) سۈرەت (شەكىل) بېغىشلىغۇچىدۇر، ئەڭ چىرايلىق ئىسىملارغا ئىگىدۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ، ئۇ غالىپتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر. (ھەشىر سۈرىسى، 24 ـ 23 ـ 22 ـ ئايەتلەر)

## زىيانلىق نەرسىلەردىن، بالا ـ قازادىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئەتىگەن ۋە كەچتە ئوقۇلىدىغان دۇئا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئەتىگەن ۋە كەچتە بۇ دۇئانى ئۈچ قېتىم ئوقىغان كىشىگە ھېچقانداق نەرسە زىيان سالالمايدۇ:

بِاسْمِ اللّٰهِ الَّذِى لَايَضُرُّ مَعَ اِسْمِهِ شَيْءٌ فِى الْاَرْضِ
وَلَا فِى السَّمَاءِ وَهُوَالسَّمِيعُ الْعَلِيمْ

ئىسمى تىلغا ئېلىنىشى بىلەن ئاسمان ـ زېمىندا ھېچقانداق نەرسە ماڭا زىيان سالالمايدىغان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن ساقلىنىمەن. ئۇ ھەر ئىشنى ئاڭلىغۇچى ۋە بىلگۈچىدۇر.

## بالا ـ قازادىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئەتىگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا

بىر ئادەم بالا ـ قازاغا ئۇچرىغانلىقى توغرىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شىكايەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دېدى: سەھەردە ئورنۇڭدىن تۇرغاندا بۇ دۇئانى ئوقۇساڭ، ساڭا ھېچقانداق يامانلىق كەلمەيدۇ:

بِاسْمِ اللهِ عَلَى نَفْسِى وَاَهْلِى وَمَالِى




**ئۆزەمنى، ئائىلەمنى ۋە مېلىمنى ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن ساقلايمەن.** بۇ كىشى بۇ دۇئانى ئوقۇغاندىن كېيىن پالاكەتلەر ئۇنىڭدىن يىراققا كەتتى.


## دۇنيا ۋە ئاخىرەت غەم ـ قايغۇلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئەتىگەن كەچتە ئوقۇلىدىغان دۇئا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «كىمكى ئەتىگەندە، ئاخشامدا بۇ دۇئانى يەتتە قېتىم ئوقۇسا، ئاللاھ ئۇنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە غەم ـ قايغۇدىن قۇتۇلدۇرىدۇ:

حَسْبِيَ اللهُ لَا اِلٰهَ اِلَّا هُوَ عَلَيْهِ تَوَكَّلْتُ وَهُوَ رَبُّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ

**ئاللاھ ماڭا كۇپايىدۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئۇنىڭغا تەۋەككۈل قىلدىم، ئۇ بۈيۈك ئەرشنىڭ رەببىدۇر.**



# بالا ـ قازادىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئوخلاش ئالدىدا ئوقۇلىدىغان باشقا بىر دۇئا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

«بەقەرە سۈرىسىنىڭ ئاخىرىدا ئىككى ئايەت بار، خالىغان بىر كېچىدە بۇ ئايەتنى ئوقۇغان كىشىنى ئاللاھ ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ.»

«ئامەنەرراسۇلۇ...»

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمَ

آمَنَ الرَّسُولُ بِمَآ أُنزِلَ إِلَيْهِ مِن رَّبِّهِ وَالْمُؤْمِنُونَ كُلٌّ آمَنَ بِاللّٰهِ وَمَلَئِكَتِهِ وَكُتُبِهِ وَرُسُلِهِ ، لاَ نُفَرِّقُ بَيْنَ أَحَدٍ مِنْ رُسُلِهِ وَقَالُوا سَمِعْنَا وَأَطَعْنَا غُفْرَانَكَ رَبَّنَا وَاِلَيْكَ الْمَصِيرُ لاَ يُكَلِّفُ اللّٰهُ نَفْساً اِلاَّ وُسْعَهَا ، لَهَا مَا كَسَبَتْ وَعَلَيْهَا مَا اكْتَسَبَتْ ، رَبَّنَا لاَ تُؤَاخِذْنَا إِنْ نَسِينَآ اَوْ اَخْطَاْنَا ، رَبَّنَا وَلاَ تَحْمِلْ عَلَيْنَا اِصْرًا كَمَا حَمَلْتَهُ عَلَى الَّذِينَ مِن قَبْلِنَا ، رَبَّنَا وَلاَ تُحَمِّلْنَا مَا لاَ طَاقَتَلَنَا بِهِ ، وَاعْفُ عَنَّا وَاغْفِرْ لَنَا وَارْحَمْنَا اَنْتَ مَوْلاَنَا فَانْصُرْنَا عَلَى الْقَوْمِ الْكَافِرِينَ

**مەنىسى:** پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان كىتابقا ئىمان كەلتۈردى، مۆمىنلەرمۇ ئىمان كەلتۈردى. (ئۇلار) «ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتماي قالمايمىز)» دەيدۇ. ئۇلار: «بىز (دەۋىتىڭنى) ئاڭلىدۇق ۋە (ئەمرىڭگە) ئىتائەت قىلدۇق، پەرۋەردىگارىمىز، مەغپىرىتىڭنى تىلەيمىز. ئاخىر بارىدىغان جايىمىز سېنىڭ دەرگاھىڭدۇر» دەيدۇ. ئاللاھ ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ. كىشىنىڭ قىلغان ياخشىلىقى(نىڭ ساۋابى) ئۆزىگىدۇر، يامانلىقى (نىڭ جازاسى)مۇ ئۆزىگىدۇر. (ئۇلار) «پەرۋەردىگارىمىز! ئەگەر بىز ئۇنتۇساق ياكى خاتالاشساق (يەنى بىز ئۇنتۇش ياكى سەۋەبىدىن ئەمرىڭنى تولۇق ئورۇنلىيالمىساق)، بىزنى جازاغا تارتمىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگىنىڭگە ئوخشاش بىزگە ئېغىر يۈك يۈكلىمىگىن (يەنى بىزنى قىيىن ئىشلارغا تەكلىپ قىلمىغىن)، پەرۋەردىگارىمىز! كۈچىمىز يەتمەيدىغان نەرسىنى بىزگە ئارتمىغىن، بىزنى كەچۈرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بىزنىڭ ئىگىمىز سەن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن» دەيدۇ. (بەقەرە سۈرىسى، 286 ـ 285 ـ ئايەت)

## ياتقاندا شەيتاننىڭ شەررىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان دۇئا

### ئايەتەل ـ كۇرسىي

ئۇخلاش ئۈچۈن ياتقان ۋاقتىڭدا ئايەتەل ـ كۇرسىينى ئوقۇ. مۇشۇنداق قىلساڭ، ئاللاھتىن كەلگەن بىر مۇھاپىزەتچى پەرىشتە سەندىن ھەرگىز ئايرىلمايدۇ، سېنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ ۋە ئەتىگەنگە قەدەر ساڭا ھېچقانداق شەيتان يېقىنلىشالمايدۇ.

اَللّٰهُ لآ إِلَهَ إِلاَّ هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ لاَ تَأْخُذُهُ سِنَةٌ وَلاَ نَوْمٌ لَهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الْأَرْضِ مَنْ ذَالَّذِي يَشْفَعُ عِنْدَهُ إِلاَّ بِإِذْنِهِ يَعْلَمُ مَا بَيْنَ أَيْدِيهِمْ وَمَا خَلْفَهُمْ وَلاَ يُحِيطُونَ بِشَيْءٍ مِنْ عِلْمِهِ اِلاَّ بِمَا شَآءَ وَسِعَ كُرْسِيُّهُ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ وَلاَ يَؤُودُهُ حِفْظُهُمَا وَهُوَ الْعَلِيُّ الْعَظِيمُ

**مەنىسى:** بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، ئاللاھ ھەمىشە تىرىكتۇر، ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇ مۈگدەپ قالمايدۇ، ئۇنى ئۇيقۇ باسمايدۇ، ئاسمانلار ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ (مۈلكى)دۇر. ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز كىممۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا شاپائەت قىلالىسۇن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى (يەنى دۇنيادا قىلغان)، كەينىدىكى (يەنى ئۇلار ئۈچۈن ئاخىرەتتە تەييارلىغان )ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ مەلۇماتىدىن (ئاللاھ ) ئۇلارغا بىلدۈرۈشنى خالىغان نەرسىلەردىن (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تىلى ئارقىلىق بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن) باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ، ئاللاھنىڭ كۇرسى (مەلۇماتى) ئاسمان ۋە زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاسمان ـ زېمىننى ساقلاش ئۇنىڭغا ئېغىر كەلمەيدۇ. ئۇ يۈقىرى مەرتىۋىلىكتۇر، ھەممىدىن ئۇلۇغدۇر. (بەقەرە سۈرىسى، 255 ـ ئايەت)

## ئايەتەل ـ كۇرسىينىڭ پەزىلىتى ھەققىدە ھېكايە:

## ئوغرىلىق قىلىۋاتقاندا تۇتۇلغان شەيتان

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ساھابىلىرىدىن ئەبۇ ھۈرەيرەگە بىر ۋەزىپە تاپشۇردى. ۋەزىپىسى پېقىرلاغا تارقىتىش ئۈچۈن يىغىلغان زاكات ماللىرىنى ساقلاش ئىدى.

بۇ ئەسنادا ئەبۇ ھۈرەيرەنىڭ بېشىغا كەلگەن ئىشنى ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئاڭلايلى:

بىر كېچە قاراۋۇللۇق قىلىۋاتسام، بىر قارا ئادەم جىمجىتقىنە كىرىپ كەلدى. زاكات ئۈچۈن يىغىلغان بۇغدايدىن ئۇچۇملاپ ئېلىشقا باشلىدى. ئۇنى دەرھال تۇتىۋالدىم. ئۇنىڭغا:

ـ سېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارىمەن. ـ دېدىم. ئۇ:

ـ مەن بەك پېقىر ئادەممەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە باقمىسام بولمايدىغان باللىرىم بار. مېنى قويىۋەت. ـ دېدى. ئۇنى قويىۋەتتىم. تاڭ ئاتقاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئەبۇ ھۈرەيرە! تۈنۈگۈن ئاخشامقى ئوغرىنى قانداق قىلدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:



ـ ئەي رەسۇلۇللاھ! ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ پېقىر ئىكەنلىكىنى، باقمسا بولمايدىغان بالىلىرىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى. ئىچىم ئاغرىپ قويۇۋەتتىم. ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇ ئادەم ساڭا يالغان گەپ قىلدى. ئۇ يەنە كېلىدۇ. ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ گېپى بويىچە ئۇ ئادەمنى ساقلاشقا باشلىدىم. كېچىدە ئادەم يەنە كەلدى. زاكات ماللىرىدىن ئۇچۇملاپ ئېلىشقا باشلىدى. ئادەمنى دەرھال تۇتىۋالدىم:

ـ بۇ قېتىم سېنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارماي قويمايمەن. ـ دېدىم. يەنە يالۋۇردى:

ـ مېنى قويۇۋەت، ھەقىقەتەن بەك مۇھتاجمەن. بالىلىرىم ئاچ، بۇندىن كېيىن ئوغرىلىق قىلمايمەن. ـ دېدى. مېنىڭ يەنە ئىچىم ئاغرىدى ـ دە، قويۇۋەتتىم.

ئەتىسى ئەتىگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئەبۇ ھۇرەيرە! تۆنۈگۈن ئاخشامقى ئوغرىنى قانداق قىلدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ ئەي رەسۇلۇللاھ! ئۇ ئادەم ماڭا پېقىر ئىكەنلىكىنى، بالىلىرىنىڭ ئاچ ئىكەنلىكىنى سۆزلىدى. ئىچىم ئاغرىپ قويۇپ بەردىم. ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇ ئادەم يالغان گەپ قىپتۇ، لېكىن يەنە كېلىدۇ. ـ دېدى.

ئەتىسى كېچىدە ئۇ ئادەمنى كۆتۈشكە باشلىدىم. يەنە كەلدى، زاكات ماللىرىدىن ئۇچۇملاپ ئېلىشقا باشلىدى. ئۇنى تۇتىۋالدىم. ئۇنىڭغا:

ـ بۇ ئۈچىنچى قېتىم كېلىشىڭ. بۇندىن كېيىن ئوغرىلىق قىلمايمەن دېگەن تۇرۇقلۇق ئىزا تارتماي يەنە كەپسەن. سېنى چوقۇم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارىمەن. ـ دېدىم. ئۇ يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

ـ ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى قويۇۋەت. مېنى قويۇۋەتسەڭ، ساڭا پايدىلىق بىر دۇئا ئۆگىتىپ قويىمەن. ـ دېدى. مەن:

ـ قانداق دۇئا ئۇ؟ ـ دېدىم. ئادەم:



ـ ئۇخلاش ئۈچۈن ياتقان ۋاقتىڭدا ئايەتەل ـ كۇرسىينى باشتىن ئاخىرغىچە ئوقۇ. بۇنى ئوقۇساڭ ئاللاھ سېنى قوغدايدىغانغا بىر پەرىشتە ئەۋەتىدۇ. تاڭ ئاتقۇچە بولغان ئارىلىقتا ساڭا شەيتان يېقىن كېلەلمەيدۇ. ـ دېدى. مەن يەنە ئىچىم ئاغرىپ، ئادەمنى قويۇپ بەردىم.

تاڭ ئاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ تۆنۈگۈن ئاخشامقى ئوغرىنى قانداق قىلدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ ئەي رەسۇلۇللاھ، ئۇ ماڭا دۇئا ئۆگىتىپ قويىدىغانلىقىنى، بۇ دۇئا تۈپەيلى ئاللاھنىڭ ماڭا ياردەم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇنى يەنە قويۇپ بەردىم. ـ دېدىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:



ـ قانداق دۇئا ئىكەن ئۇ؟ ـ دېدى. مەن:

ـ ئۇ ئادەم ماڭا: ئۇخلاش ئۈچۈن ياتقان چېغىڭدا ئايەتەل ـ كۇرسىينى ئوقۇ. بۇنى ئوقۇساڭ ئاللاھ ساڭا بىر قوغدىغۇچى پەرىشتە ئەۋەتىدۇ، تاڭ ئاتقۇچە شەيتان ساڭا يېقىن كېلەلمەيدۇ. ـ دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ:

ـ قارا بۇنىڭغا! ئۇ شۇنچە يالغانچى بولسىمۇ، بۇ قېتىم راست گەپ قىپتۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئۈچ كېچىدىن بويان سەن كۆرگەن بۇ ئادەمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ ـ دېدى. مەن:

ـ ياق، بىلمەيمەن. ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇ شەيتاندۇر. ـ دېدى.

**نەسىھەتلەر**

* قۇرئاندىكى ئايەتلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى ئايەتەل ـ كۇرسىيدۇر. بۇ ئايەتەل ـ كۇرسىينى ئوقۇغان كىشىگە ئاللاھ بىر قوغدىغۇچى پەرىشتە ئەۋەتىدۇ، ئۇ كىشى پالاكەتلەردىن ساقلىنىپ قالىدۇ.

قۇرئاندا «فاتىھە، فەلەق، ناس» سۈرىلىرى كەبى ئىنسانلارنى بالا ـ قازادىن ساقلايدىغان باشقا سۈرىلەرمۇ بار.

## ياتقان چاغدا بىئارام بولۇپ ئۇخلىيالمىغان كىشى ئوقۇيدىغان دۇئا

بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇيقۇسىزلىقتىن شىكايەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دۇئا قىلىشنى ئۆگەتتى:

اَللّٰهُمَّ غَائِرَتِ النُّجُومُ وَهَدَاَتِ الْعُيُونُ وَاَنْتَ حَيٌّ قَيُّومٌ لَا تَاْخُذُكَ سِنَةٌ وَ لَانَوْمٌ، يَاحَيُّ يَاقَيُّومُ اَهْدِيءْ لَيْلِي، وَاَنِمْ عَيْنِي

**ئاللاھىم، يۇلتۇزلار پاتتى، قۇياش ئۇخلىدى. سەن تىرىك، ھەممە مەۋجۇدات ساڭا مۇھتاج. سەن ئۇخلىمايسەن ۋە ھارمايسەن. ئەي تىرىك ۋە بىلگۈچى ئاللاھ! كېچەمنى جىمجىت قىل ۋە كۆزلىرىمنى ئۇخلات.**

مەن مۇشۇنداق دېگىنىمدە ئۇلۇغ ئاللاھ مېنى بىئاراملىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇيقۇسىزلىق ئازابىنى يوق قىلدى.

* ياتقاندا بىئارام ھالدا ياتماسلىق،
* ياتقاندا خۇشال ھىس ـ تۇيغۇلار بىلەن يېتىش كېرەك.
* يېتىش ئالدىدا بىر پىيالە سۈت ياكى دۇغاپ (قېتىق) ئىچكەندە راھەت ئۇخلىغىلى بولىدۇ.



## ئۇخلىغاندا ياكى يالغۇز قالغاندا قورقىدىغان كىشى ئوقۇيدىغان دۇئا

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام قورققاق كىشىلەرگە بۇ دۇئانى ئۆگەتكەن:

أَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللّٰهِ التَّامَّةِ مِنْ غَضَبِهِ وَشَرِّ عِبَادِهِ،
وَمِنْ هَمَزَاتِ الشَّيَاطِينِ وَأَنْ يَحْضُرُونِ

ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن، بەندىلەرنىڭ ئەسكىلىكىدىن، شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىسىدىن ۋە يېنىمغا كېلىۋېلىشىدىن ئاللاھنىڭ قۇرئانىغا (ئاللاھنىڭ كەلىمىلىرىگە) سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن.

## ياخشى كۆرىدىغان ياكى ئۆچ كۆرىدىغان بىر نەرسىنى چۈشىدە كۆرگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا



پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەر ياخشى كۆرىدىغان بىر چۈش كۆرسەڭلار، بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن چۈشتۇر، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھقا ھەمدۇ-سانا ئېيتىڭلار ۋە ئۆزەڭلار ياخشى كۆرىدىغان كىشىگىلا ئېيتىڭلار. ئەگەر كۆڭلۈڭلارنى يېرىم قىلىدىغان بىر چۈش كۆرسەڭلار، بۇ چۈش شۈبھىسىزكى، شەيتان تەرىپىدىن كەلگەن. ئاللاھقا سىغىنىپ شەيتاننىڭ شەررىدىن پاناھ تىلىگەچ بۇ چۈشنى ھېچكىمگە ئېيتماڭلار. چۈنكى مۇشۇنداق قىلساڭلار، بۇ چۈش سىلەرگە زىيان سالالمايدۇ.»



پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام يەنە: «كۆڭلۈڭلارنى يېرىم قىلىدىغان چۈش كۆرۈپ قالغاندا سول تەرەپكە ئۈچنى تۈكۈرۈۋېتىڭلار، ئۈچ قېتىم شەيتاننىڭ شەررىدىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەڭلار، باشقا تەرەپكە ئۆرۈلۈپ يېتىڭلار ياكى ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ ناماز ئوقۇڭلار.» دېگەن.

## كىيىم كىيگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا

كىيىم كىيگەندە **بىسمىللاھ** دېيىش ياخشى بولغىنىدەك، بارلىق خەيرلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە بىسمىللاھ دېيىش ياخشىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىيىم كىيگەن ۋاقىتتا مۇنداق دەپ دۇئا قىلاتتى:

اَللّٰهُمَّ اِنِّي اَسْاَلُكَ مِنْ خَيْرِهِ وَخَيْرِ مَا هُوَلَهُ،

وَاَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّهِ وَشَرِّ مَا هُوَلَهُ



ئاللاھىم! بۇ كىيىمنىڭ خەيرىنى ۋە مۇشۇنى كىيىپ تۇرۇپ قىلغان ئىشنىڭ خەيرلىك بولىشىنى سەندىن تىلەيمەن. بۇ كىيىم تۈپەيلى مەغرۇرلۇق، كۆرەڭلىك كەبى ناچار قىلىقلارنى قىلىپ سېلىشتىن ۋە مۇشۇنى كىيىپ تۇرۇپ قىلىدىغان گۇناھنىڭ شەررىدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن.

## كىيىم ـ كېچەك ۋە ئاياق كىيىش، سىلىش شەكىللىرى

كىيىم ۋە ئاياق كىيگەندە ئوڭ قول ۋە ئوڭ پۇتتىن باشلاپ كىيىش، سالغاندىمۇ ئاۋۋال سولدىن، ئاندىن ئوڭدىن سېلىش ياخشىدۇر.



ھەزرىتى ئائىشە مۇنداق دېگەن: **«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پاكىزە ئىشلارنى قىلغاندا، تاماق يېگەندە ئوڭ قولىنى ئىشلىتەتتى. ھاجەتخانا تازىلىقى ۋە بەدەننى بىئارام قىلىدىغان مىشقىرىش قاتارلىق ئىشلاردا سول قولىنى ئىشلىتەتتى.**

## كىيىم سالغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

بِسْمِ اللّٰهِ الَّذِى لَا اِلٰهَ اِلَّا هُوَ

ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ بولمىغان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (كىيىمىمنى سېلىشقا باشلىدىم).

## ئۆيدىن چىققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىر كىشى ئۆيدىن سىرتقا چىققاندا

## بِاسْمِ اللّٰهِ ، تَوَكَّلْتُ عَلَى اللّٰهِ ، وَلاَ حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ اِلاَّ بِاللّٰهِ



**ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ، ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن چىقتىم. ئىبادەت قىلىش ۋە گۇناھلاردىن ساقلىنىش پەقەت ئاللاھنىڭ قۇۋۋەت ۋە قۇدرىتى بىلەندۇر،»** دېسە، (پەرىشتىلەر تەرىپىدىن ئۇنىڭغا): بالا ـ قازادىن خالاس بولدۇڭ، مۇھاپىزەت ئاستىغا ئېلىندىڭ ۋە توغرا يولغا باشلاندىڭ دېيىلىدۇ. شۇنداقلا شەيتانلار ئۇنىڭدىن ئۇزاقلاشتۇرۇلىدۇ.

## ئۆيگە كىرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا

ئۆيدە ئادەم بولسۇن بولمىسۇن، ئۆينىڭ ئىچىگە كىرگەندە **بىسمىللاھ** دەپ ئاللاھنى زىكىر قىلىش ۋە **سالام بېرىش** كېرەك.

ئۇلۇغ ئاللاھ:

**«... ئۆيدىكى مۆمىنلەرگە سالام بېرىڭلار، ئۆيدە ھېچكىم بولمىسىمۇ سالام بېرىڭلار...»**

## اَلسَّلاَمُ عَلَيْنَا وَعَلَى عِبَادِ اللّٰهِ الصَّالِحِينْ

**سالام بىزگە ۋە ئاللاھنىڭ سالىھ (ياخشى) بەندىلىرىگە بولسۇن دەپ ئۆزەڭلارغا سالام بېرىڭلار.»** دېگەن.




پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

كىشى ئۆيگە كىرىۋاتقاندا ۋە تاماق يەۋاتقاندا ئاللاھتائالانى ئەسلىسە، شەيتان دوستلىرىغا مۇنداق دەيدۇ:

«(بۇ يەردە) كېچىنى ئۆتكۈزەلمەيسىلەر، تاماق يېيەلمەيسىلەر...»

لېكىن كىشى ئۆيگە كىرىۋاتقاندا ئاللاھتائالانى ئەسلىمىسە، شەيتان مۇنداق دەيدۇ:

«(ئاغىنىلەر) كېچىنى بۇ يەردە ئۆتكۈزەلەيدىغان بولدۇق.» تاماق يەۋاتقاندا ئاللاھتائالانى ئەسلىمىسە، شەيتان مۇنداق دەيدۇ:

«كېچىنى ئۆتكۈزىدىغان ۋە تاماق يەيدىغان ئىمكانغا ئېرىشتۇق.»





ئىچىدە ئادەم بار ئۆيگە كىرگەندە ئۆيدىكىلەرگە سالام بېرىلىدۇ. ئاتا-ئانا، ئېرى، ئايالى ۋە بالىلىرىغا سالام بېرىلىدۇ.



## ئۆيگە كىرىش ئەدەبى:

1- ئىشىكنى ئۈچ قېتىم چېكىپ، ساقلاپ تۇرىمىز. ئىشىكنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئىچىگە قاراشقا (ماراشقا) بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق قىلغان. ئىشىكنى ئۈچ قېتىم چەككەندىن كېيىن ھېچكىم جاۋاپ بەرمىسە، ئارقىمىزغا قايتىپ كېتىمىز.

2- ئىشىكنى ئاچقان كىشىگە سالام بېرىمىز.

3- كىم؟ دەپ سورىسا، ئىشىكنى چەككۈچى ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئېيتىشى كېرەك. «مەن، مەن» دېسە بولمايدۇ.

## سەپەرگە چىقماقچى بولغان كىشى ئوقۇيدىغان دۇئالار ۋە زىكىرلەر

ئۇزۇن سەپەرگە چىقماقچى بولغاندا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش ئەۋزەلدۇر.

ئىككى رەكئەت نامازنى ئوقۇپ بولۇپ سالام بېرىپلا **ئايەتەل-كۇرسي** ئوقۇلىدۇ. ئۆيىدىن چىقىشتىن ئىلگىرى ئايەتەل-كۇرسىينى ئوقىغان كىشىگە ئۆيگە قايتىپ كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتا بىرەر پىشكەللىك كەلمەيدۇ. يەنە قۇرەيش سۈرىسىنى ئوقۇشمۇ ياخشىدۇر.

سەپەرگە چىقىشقا نىيەتلىنىپ دۈشمەندىن ياكى يىرتقۇچ ھايۋاندىن قورققان كىشى قۇرەيش سۈرىسىنى ئوقۇسۇن، چۈنكى بۇ سۈرە ھەر خىل پالاكەتلەرگە قارشى قوغدىغۇچى قالقاندۇر.

ئاللاھقا ھەمدۇ-سانا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئېيتىپ دۇئا باشلىنىدۇ. يەنى مۇنداق دېيىلىدۇ:




ئەلھامدۇلىللاھى رابىبىل-ئالەمىين. ۋەسسالاتۇ ۋەسسالامۇ ئالا راسۇلىنا مۇھاممەدىن ۋە ئالا ئالىھى ۋە ساھبىھى ۋەسەللەم.

**ھەمدۇ-سانا ئالەملەرنىڭ رەببىگە خاستۇر. دۇرۇت ۋە سالام پەيغەمبەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلىسىگە ۋە ئەسھابىغا بولسۇن.** يەنە مۇشۇلار بىلەن دۇئا تاماملىنىدۇ.

ئەڭ گۈزەل دۇئا مۇنداق:

اَللّٰهُمَّ بِكَ اَسْتَعِينُ وَعَلَيْكَ اَتَوَكَّلُ ، اَللّٰهُمَّ ذَلِّلْ لِى صُعُوبَةَ اَمْرِى ، وَسَهِّلْ عَلَيَّ مَشَقَّةَ سَفَرِى ، وَارْزُقْنِى مِنَ الْخَيْرِ اَكْثَرَ مِمَّا اَطْلُبُ ، وَاصْرِفْ عَنِّى كُلَّ شَرٍّ ، رَبِّ اشْرَحْلِى صَدْرِى ، وَ يَسِّرْلِى اَمْرِى ، اَللّٰهُمَّ اِنِّي اَسْتَحْفِظُكَ وَاسْتَوْدِعُكَ نَفْسِى وَدِينِى وِاَهْلِى وَاَقَارِبِى وَكُلَّ مَا اَنْعَمْتَ عَلَيَّ وَعَلَيْهِمْ بِهِ مِنْ آخِرَةٍ وَدُنْيَا ، فَاحْفَظْنَا اَجْمَعِينَ مِنْ كُلِّ سُوءٍ يَا كَرِيمُ



ئاللاھىم! سەندىن ياردەم تىلەيمەن ۋە ساڭا ئىشىنىمەن. ئاللاھىم! ئىشىمنىڭ تەسلىكىنى ماڭا يېنىكلەت، سەپەرنىڭ قىيىنلىقىنى ماڭا ئاسانلاشتۇر. ياخشى تەرەپتىن تىلىگەن رىزىقنىڭ كۆپ قىسمىنى ماڭا بەر، ھەر خىل پالاكەتلەرنى مەندىن يىراق قىل. رەببىم! كۆڭلى-كۆكسۈمنى كەڭ قىل ۋە ئىشىمنى ئاسانلاشتۇرغىن. ئاللاھىم! مەن ئۆزەمنى (نەپسىمنى)، دىنىمنى، ئائىلەمنى، ئۇرۇق-تۇققانلىرىمنى، ماڭا ۋە ئۇلارغا دۇنيا-ئاخىرەت ئىشلىرىدىن بەرگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى سېنىڭ ئۆز پاناھىڭدا ساقلىشىڭنى تىلەيمەن. ھەر خىل بالا-قازادىن بىزنى پاناھىڭدا ساقلا، ئەي ئىكرام قىلغۇچى!...




سەپەرگە چىققۇچى ئۆيىدىن ئايرىلىدىغان چاغدا ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن، ئۇرۇق-تۇققانلىرى بىلەن ۋە قولۇم-قوشنا، ئەل ئاغىنىلىرى بىلەن خوشلىشىپ ماڭسا ياخشى بولىدۇ، ھەم ئۇلاردىن ئۆزىگە دۇئا قىلىشنى سورايدۇ، ھەمدە ئۆزىمۇ ئۇلارغا دۇئا قىلىدۇ.

## سەپەرگە چىققاندا ئوقۇلىدىغان باشقا بىر دۇئا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەرگە چىققاندا تۆگىسىگە مىنگەندە ئۈچ قېتىم «ئاللاھۇ ئەكبەر!» دېگەندىن كېيىن بۇ ئايەتنى ئوقۇيتتى:

**سُبْحَانَ الَّذِى سَخَّرَ لَنَا هَذَا وَمَا كُنَّالَهُ مُقْرِنِينَ**



**«بۇنى بىزنىڭ خىزمىتىمىزگە بەرگەن ئاللاھنىڭ شانى يۈكسەكتۇر.**

ئاللاھنىڭ ياردىمى بولمىغان بولسا، بىزنىڭ بۇنىڭغا كۈچىمىز يەتمىگەن بولاتتى. شۈبھىسىزكى، قايتىپ بارىدىغان جاي ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر. ئاللاھىم، بىز بۇ سەپىرىمىزدە سەندىن ياخشىلىق، تەقۋا ۋە سەن رازى بولىدىغان ئەمەل تىلەيمىز. ئاللاھىم! بۇ سەپىرىمىزنى ئاسانلاشتۇرغىن، يىراقنى بىزگە يېقىنلاشتۇرغىن. ئاللاھىم! سەپەردە سەن قوغدىغۇچىسەن، ئائىلىمىز ھەققىدىمۇ سەن خەۋەر ئالغۇچىسەن. ئاللاھىم! سەپەرنىڭ مۇشەققىتىدىن، ئازابىدىن، مال ۋە ئائىلە ھەققىدە يامان ئاقىۋەتتىن ساڭا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمەن.»

سەپەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ يۇقارقىلارنى دەيتتى.

## بىر قاتناش قۇرالىغا چىقىدىغان چاغدا ئوقۇيدىغان دۇئا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «بىرەر قاتناش قۇرالىغا مىنگەن چاغدا بۇنى ئېيتىش ئۈممىتىم ئۈچۈن بالا ـ قازاغا قارشى بىر كېپىللىكتۇر»:

**بِسْمِ اللّٰهِ مَجْرَاهَا وَمُرْسَاهَا ، اِنَّ رَبِّى لَغَفُورٌ رَحِيمٌ**


**قاتناش قۇرالىنىڭ مېڭىشى ۋە تۇرۇشى ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەندۇر. ھەقىقەتەن رەببىم كۆپ ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىبان، شەپقەتلىكتۇر.**



نۇھ ئەلەيھىسسالامۇ كېمىسىگە چىققاندا مۇشۇ دۇئانى ئوقىغان، دۇنيادا ئالتە ئاي داۋاملاشقان توپان بالاسىدا كېمىسى ۋە كېمىنىڭ ئىچىدىكىلەرنى مۇشۇنداق قۇتۇلدۇرغان ئىدى.

## جىن ـ شەيتانلار ھەر خىل قىياپەتلەرگە كىرىپ يولۇقچىغا كۆرۈنگەن ۋاقتتا ئوقۇلىدىغان دۇئالار

پەيغەمبەر ئەلەيھسساللام مۇنداق دېگەن: «جىن ـ شەيتانلار ھەر خىل قىياپەتتە سىلەرگە كۆرۈنگەن چاغدا ئۇلارنى قوغلىۋېتىش ئۈچۈن ئەزان ئوقۇڭلار.»



پەيغەمبەر ئەلەيھسساللام مۇنداق دېگەن:

«ناماز ئۈچۈن ئەزان ئوقۇلغان چاغدا، شەيتان ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلىيالمىغۇچە توختىماي قاچىدۇ.»

## ئەزان

4 قېتىم **ئاللاھۇ ئاكبەر:** ئاللاھ ئەڭ ئۇلۇغدۇر.

2 قېتىم **ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللاللاھ:** گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر.

2 قېتىم **ئەشھەدۇ ئەننە مۇھاممەدەر ـ راسۇلۇللاھ:** گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر.

2 قېتىم **ھاييە ئالەس ـ سالاھ:** يۈرۈڭلار نامازغا.

2 قېتىم **ھاييە ئالەل ـ فەلاھ:** يۈرۈڭلار نىجاتلىققا.

2 قېتىم **ئاللاھۇ ئەكبەر:** ئاللاھ ئەڭ ئۇلۇغدۇر.

1 قېتىم **لا ئىلاھە ئىللاللاھ:** ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق.

بامدات نامىزى ئەزىنىدا **«ھايىە ئالەل ـ فەلاھ»**تىن كېيىن ئىككى قېتىم **ئەسسالاتۇ خەيرۇن مىنەننەۋم:** (ناماز ئۇيقۇدىن ياخشىدۇر) دېيىلىدۇ.

قامەتتە «**ھايىە ئالەل ـ فەلاھ**»تىن كېيىن ئىككى قېتىم (**قاد قامەتىس ـ سالاھ:** ناماز باشلانماقچى) دېيىلىدۇ.

قامەت بىر قەدەر تېز ئوقۇلىدۇ. ئەتراپتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئاڭلىشى ئۈچۈن ئەزان ئالدىرىماي، ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇلىدۇ.

## ئەزاندىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا

ئەزاننى ۋە جامدىكى قامەتنى ئاڭلىغان كىشى ئاڭلىغىنىنى شۇ پېتى تەكرارلىسا ياخشى بولىدۇ.

ئەزان ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىزگە دۇرۇت ۋە سالام (ئاللاھۇممە سالىلى ئالا سەييىدىنا مۇھاممەد) دېيىلىدۇ. ئاندىن بۇ دۇئا ئوقۇلىدۇ:

**اَللّٰهُمَّ رَبَّ هَذِهِ الدَّعْوَةِ التَّامَّةِ ، وَالصَّلاَةِ الْقَائِمَةِ ، آتِ مُحَمَّدًا الْوَسِيلَةَ**

**وَالْفَضِيلَةَ ، وَبْعَثْهُ مَقَامًا مَحْمُودًا الَّذِى وَعَدْتَهُ اِنَّكَ لاَ تُخْلِفُ الْمِيعَادْ**

**مەنىسى:** ئەي بۇ كەمچىلىكسىز دەۋەتنىڭ ۋە ھازىر ئوقۇلماقچى بولغان نامازنىڭ ئىگىسى ئاللاھىم! مۇھەممەد ئەلەيھسساللامغا جەننەتتە ئەڭ يۈكسەك ۋە ئەڭ پەزىلەتلىك مەرتىۋە بەرگىن، ئۇنى ئۇنىڭغا ۋەدە قىلىنغان ماقامى مەھمۇدقا (ماختالغان دەرىجىگە) يەتكۈزگىن. شۈبھىسىزكى، سەن ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمايسەن.

ھاجەتخانىدا تۇرغاندا مۇئەززىننىڭ سۆزلىرى تەكرارلانمايدۇ.

# پاكىزلىق

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن: **«ئۇلۇغ ئاللاھ گۈزەلدۇر، گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدۇ. گۈزەل ئەخلاقلىقتۇر، گۈزەل ئەخلاقلىقلارنى ياخشى كۆرىدۇ. پاك ـ پاكىزدۇر، پاكىزە بولغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ.»**



## تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلايلى!

1 ـ ياتقاندا ۋە ئۇيغانغاندا يۈز، قولنىڭ پاكىزلىقىغا دىققەت قىلايلى.

2 ـ ئەتىگەن ۋە كەچتە چىشىمىزنى چوتكىلاپ يۇيۇشنى ئۇنتۇپ قالمايلى.

3 ـ ھەپتىدە بىر قېتىم تىرناق ئېلىپ، قۇلىقىمىزنىڭ ئىچىدىكى كىرلەرنى پاكىزلايلى.

4 ـ ئەڭ ئاز ھەپتىدە بىر قېتىم مونچىغا چۈشۈپ پۈتۈن بەدىنىمىزنى يۇيايلى ۋە چېچىمىزنى رەتلىك، پاكىزە تۇتايلى.

5 ـ پايپاق ۋە كىيىملىرىمىزنىڭ پاكىزە بولۇشىغا دىققەت قىلايلى.

6 ـ ھاجەتخانىنى پاكىزە تازىلايلى، كىر ـ پاسكىنا قويمايلى، قولىمىزنى سوپۇنلاپ يۇيايلى.

7 ـ ئۇرۇن ـ كۆرپىمىزنى، ئۈستەل ـ ئورۇندۇقلىرىمىزنى ۋە ئۆيىمىزنى رەتلىك، پاكىزە تۇتايلى.

## ھاجەتخانىغا كىرىدىغان چاغدا ئوقۇلىدىغان دۇئا

ھاجەتخانىغا كىرىشتىن ئىلگىرى، ئىشتىنىمىزغا سىيدۈك چاچراپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن شىمىنىڭ پۇشقىقىنى يۇقىرىغا تۈرۈش ۋە ئۆرە تۇرۇپ تەرەت قىلماسلىق كېرەك.



ھاجەتخانىدا بىرەر نەرسە يېيىش، ئىچىش، چايناش، گەپ ـ سۆز قىلىش ۋە دۇئا قىلىش بولمايدۇ.

ھاجەتخانىغا كىرىشتىن ئىلگىرى **«ئەئۇزۇ بىللاھى منەششەيتانىررەجىيم، بىسمىللاھىررەھمانىررەھىيم»** دەپ، ئاۋۋال سول پۇت بىلەن دەسسەپ كىرىپ، (ئىش تۈگىگەندىن كېيىن) ئاۋۋال ئوڭ پۇت بىلەن دەسسەپ چىقىمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاجەتخانىغا كىرىدىغان چاغدا مۇنداق دەيتتى:

بِاسْمِ اللّٰهِ، اَللّٰهُمَّ اِنِّى اَعُوذُبِكَ مِنَ الْخُبْثِ وَلْخَبَائِثِ

بىسمىللاھ، ئاللاھىم! شەيتاندىن ۋە زىيانلىق نەرسىلەردىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن.

ھاجەتخانىدىكى تازىلىق: تازىلىق قەغىزىنى سول قولدا تۇتۇپ، تەرەتنىڭ يۇقۇندىلىرىنى سۈرتكەندىن كېيىن سۇ بىلەن يۇيۇلىدۇ (ئىستىنجا قىلىنىدۇ). ئاندىن يەنە تازىلىق قەغىزى بىلەن سۈرتۈپ قۇرۇتۇلىدۇ.

ناماز ئوقۇيدىغان مۇسۇلمانلار بۇ خىل تازىلىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

## هاجەتخانىدىن چىققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

غُفْرَانَكَ ، اَلْحَمْدُلِلّٰهِ الَّذِى اَذْهَبَ عَنِّى الْاَذٰى وَعَافَانِى



(ئاللاھىم!) مېنى مەغپىرەت (ئەپۇ) قىل، مەندىكى خاپىلىقنى چىقىرىۋەتكىلى نېسىپ قىلغان ۋە ماڭا سالامەتلىك بەرگەن ئاللاھقا ھەمدۇ-سانالار بولسۇن.



تاھارەتتىن كېيىن پاكىزلىق ۋە سالامەتلىك ئۈچۈن قولنى چوقۇم سوپۇنلاپ يۇيۇش كېرەك.

## تاھارەت ئالغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئالار

ناماز ئوقۇش، قۇرئان ئوقۇش قاتارلىق بەزى ئىبادەتلەر ئۈچۈن تاھارەت ئېلىش لازىم. تاھارەت ئالغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئالار بار. بۇ دۇئالارنى ئاتا-بوۋىلىرىمىز بىزگە ئۆگەتكەن. بۇلارنى ئوقۇش ياخشىدۇر.

تاھارەت ئېلىش ئالدىدا



بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمَ

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، دېيىلىدۇ.

### قولنى يۇيغاندا

اَلْحَمْدُلِلّٰهِ الَّذِى جَعَلَ الْمَاءَ طَهُورًا

سۇنى پاكىزە ياراتقان ئاللاھقا ھەمدۇ-سانالار بولسۇن.

## ئېغىزنى چايقىغاندا



اَللّٰهُمَّ اسْقِنِي مِنْ حَوْضِ نَبِيِّكَ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ
وَسَلَّمَ كَاْسًاَلاَ اَظْمَاُ بَعْدَهُ اَبَدًا

ئاللاھىم! ماڭا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۆستىڭىدىن شۇنداق بىر جەننەت سۈيى ئىچۈرگىنكى، ئىچكەندىن كېيىن ئۇسساپ قالماي.

## بۇرنىغا سۇ ئالغان چاغدا



اَللّٰهُمَّ لاَ تُحَرِّمْنِي رَائِحَةَ نَعِيمِكَ وَجَنَّاتِكَ

ئاللاھىم! جەننەتلەرنىڭ ۋە نېمەتلەرنىڭ پۇرىقىدىن مېنى مەھرۇم قىلما.

## يۈزنى يۇيغان چاغدا



اَللّٰهُمَّ بَيِّضْ وَجْهِي يَوْمَ تَبْيَضُّ
وُجُوهٌ وَتَسْوَدُّ وُجُوهٌ

ئاللاھىم! بەزى يۈزلەر قارا بولغان ۋە بەزى يۈزلەر ئاقارغان كۈندە (قىيامەتتە) مېنىڭ يۈزۈمنى ئاقارتقىن.

## قولنى يۇيغان چاغدا

اَللّٰهُمَّ اَعْطِنِي كِتَابِي بِيَمِينِي ، اَللّٰهُمَّ لاَ تُعْطِنِي كِتَابِي بِشِمَالِي



ئاللاھىم! ئەمەل دەپتىرىمنى ئوڭ قولۇمغا بەر. ئاللاھىم، ئەمەل دەپتىرىمنى سول قولۇمغا بەرمە.



## بېشىغا مەسھى قىلغان چاغدا



اَللّٰهُمَّ حَرِّمْ شَعْرِى وَبَشَرِي عَلَى النَّارِ ، وَ اَظِلَّنِى تَحْتَ
عَرْشِكَ يَوْمَ لاَ ظِلَّ اِلاَّ ظِلُّكَ

ئاللاھىم! چېچىمنى ۋە تېرەمنى ئوتقا ھارام قىلغىن (ئوت كۆيدۈرەلمىسۇن)، سېنىڭ سايەڭدىن باشقا سايە بولمىغان كۈندە مېنى ئەرشىنىڭ ئاستىدا سايىداتقىن.

## قۇلاققا مەسھى قىلغاندا



اَللّٰهُمَّ اجْعَلْنِى مِنَ الَّذِينَ يَسْتَمِعُونَ الْقَوْلَ
فَيَتَّبِعُونَ اَحْسَنَهُ

ئاللاھىم! توغرا سۆزنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئەڭ ياخشىسىغا رىئايە قىلغۇچىلاردىن قىل مېنى.

## بوينىغا مەسھى قىلغاندا



اَللّٰهُمَّ اَعْتِقْ رَقَبَتِى مِنَ النَّارِ وَاحْفَظْنِى مِنَ السَّلاَسِلِ
وَالْاَغْلاَلِ

ئاللاھىم! بوينۇمنى جەھەننەمدىن يىراق قىل، مېنى زەنجىر-كىشەندىن ئۆز پاناھىڭدا ساقلا.

## پۇتنى يۇيغاندا



اَللّٰهُمَّ ثَبِّتْ قَدَمَيَّ عَلَى الصِّرَاطِ

ئاللاھىم! مېنىڭ پۇتلىرىمنى سىرات كۆۋرۈكى ئۈستىدە مەزمۇت قىل.

## تاھارەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن قىبلىگە قاراپ:

اَشْهَدُ اَنْ لاَ اِلَهَ اِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ لاَ شَرِيكَ لَهُ، وَاَشْهَدُ اَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ

گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، يالغۇز ئۇ باردۇر. ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ئۇنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر. دېسە، جەننەتنىڭ سەككىز ئىشىكى ئۇنىڭغا ئېچىلىدۇ، خالىغان بىر ئىشىكتىن جەننەتكە كىرىدۇ.

روزىدار بولمىسا، تاھارەت ئالغان سۇدىن ئازىراق ئىچىپ بۇ دۇئانى ئوقۇسا بولىدۇ:

اَللّٰهُمَّ اشْفِنِى بِشِفَآئِكَ وَدَاوِنِى بِدَوَائِكَ وَاعْصِمْنِى مِنَ الْوَلَهِ وَلْاَمْرَاضِ وَالْاَوْجَاعِ



ئاللاھىم! ماڭا سېنىڭ شىپايىڭ بىلەن شىپا بەر، سېنىڭ داۋايىڭ بىلەن داۋا بەر. مېنى ئاپەتلەردىن، كېسەللىكتىن ۋە ئازاپ-ئوقۇبەتتىن ساقلا.

تاھارەتتىن كېيىن قەدىر سۈرىسىنى بىر قېتىم ياكى ئۈچ قېتىم ئوقۇش تاھارەتنىڭ ئەدەبلىرىدىن بىرىدۇر.

### غۇسۇل قىلغاندا ياكى تەيەممۇم قىلغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

تاھارەت ئالغاندا ئوقۇلىدىغان بىسمىللاھ ۋە باشقا بارلىق دۇئالارنى غۇسۇل قىلغان چاغدىمۇ ئوقىسا ياخشى بولىدۇ.

## جامىگە بېرىش ئۈچۈن ئۆيدىن چىققان كىشى ئوقۇيدىغان دۇئالار



1. جامىگە بېرىشتىن ئىلگىرى تاھارەت ئېلىش،
2. پاكىزە ۋە رەتلىك كىيىم كىيىش،
3. جامىگە كىرگەندە ئېغىزنىڭ ۋە پايپاقلارنىڭ سېسىق پۇرىماسلىقىغا دىققەت قىلىش،
4. جامىگە ئوڭ پۇت بىلەن دەسسەپ كىرىش،
5. ئىككى رەكئەت زىيارەت نامىزى ئوقۇش،
6. جامىدىن سول پۇتى بىلەن چىقىش كېرەك.

### جامىگە كىرگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مەسجىدكە كىرگەن چېغىڭلاردا رەسۇلۇللاھقا دۇرۇت ۋە سالام (ئاللاھۇممە سالىلى ئالا سەييىدىنا مۇھاممەد) دېگەندىن كېيىن، بۇ دۇئانى ئوقۇڭلار:

اَللّٰهُمَّ افْتَحْ لِى اَبْوَابَ رَحْمَتِكَ

ئاللاھىم! ماڭا رەھمەت ئىشىكلىرىڭنى ئاچ.»

## جامەدىن چىققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

اَللّٰهُمَّ اِنِّى اَسْاَلُكَ مِنْ فَضْلِكَ



ئاللاھىم! سېنىڭ گۈزەل نېمەتلىرىڭنى سەندىن تىلەيمەن.

دىققەت: نامازدا ۋە نامازدىن كېيىن ئوقۇيدىغان دۇئالار، ناماز سۈرىلىرى ئۈچۈن «دىنىمنى ئۆگىنىمەن» ناملىق بۇ كىتابىنىڭ 2-قىسمىغا («ھېكايىلەر بىلەن ئىسلامنىڭ شەرتلىرى»گە) قاراڭ.

## نامازدا ۋە تەسبىھتە ئېيتىلغان سۆزلەرنىڭ مەنىسى

**سۇبھانە راببىيەل ئالا:** ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇغى رەببىم بارلىق نوقسانلاردىن ئۈزاقتۇر.

**سۇبھانە راببىيەل ئازىيم:** بۈيۈك، ئۇلۇغ رەببىم بارلىق نوقسانلاردىن ئۈزاقتۇر.

**سەمىئاللاھۇ لىمەن ھامىدەھ:** ئاللاھ ئۆزىگە شۈكۈر قىلغۇچىلارنى ئاڭلايدۇ.



**راببەنا لەكەل ھامد:** رەببىمىز، شۈكۈر ساڭىلا خاستۇر.

**سۇبھانەللاھ:** ئاللاھ، نوقسانلىقلاردىن ئۈزاقتۇر.

**ئەلھامدۇلىللاھ:** جىمى ھەمدۇ-سانا (شۈكۈر، ماختاش، مەدھىيە) ئاللاھقا خاستۇر.

**ئاللاھۇ ئەكبەر:** ئاللاھ ئەڭ ئۇلۇغدۇر.

**لا ئىلاھە ئىللاللاھ:** بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر.

## نامازدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئالار

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ھەر نامازدىن كېيىن 33 قېتىم ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتقان (سۇبھانەللاھ)، 33 قېتىم ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتقان (ئەلھامدۇلىللاھ)، 33 قېتىم ئاللاھقا تەكبىر ئېيتقان (ئاللاھۇئەكبەر) ۋە

لَا اِلٰهَ اِلَّا اللّٰهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ

ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، يالغۇز ئۇ باردۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر. مۇلۇك ئۇنىڭدۇر، ھەمدۇ-سانا ئۇنىڭغىلا خاستۇر، ئۇ ھەر ئىشقا قادىردۇر، دېگەن كىشىنىڭ دېڭىز كۆپۈكىدەك كۆپ گۇناھى بولسىمۇ، ئاللاھ ئۇنى مەغپىرەت (ئەپۇ) قىلىدۇ.»

## بامدات نامىزىدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«بامدات نامىزىنىڭ ئاخىرىدا باشقا سۆز قىلماي، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ:

لَا اِلٰهَ اِلَّا اللّٰهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ ،

لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ يُحْيِى وَ يُمِيتُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيرٌ

ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. ئۇ بىردۇر ۋە تەڭدىشى يوقتۇر. مۇلۇك ئۇنىڭدۇر ۋە ھەمدۇ-سانا ئۇنىڭغا خاستۇر. ئۇ تىرىلدۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ ھەر ئىشقا

**كۆچى يېتىدۇ.** دېگەننى ئون قېتىم ئېيتقان كىشىگە ئون ساۋاپ يېزىلىدۇ، ئون گۇناھى ئۆچۈرۈلىدۇ، يۇكسەك مەرتىۋىگە چىقىرىلىدۇ ۋە ئۇ كۈنى ھەر خىل پالاكەتلەردىن ئامان-ئېسەن ساقلىنىدۇ، شەيتاندىن ئۇزاق بولىدۇ.

دىققەت: بامدات نامىزىدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان ھاشىر سۈرىسىنىڭ ئاخىرقى ئۈچ ئايىتىنى ئىلگىرى 19-18-بەتلەردە بايان قىلغان ئىدۇق.

## بامدات بىلەن نامازشامدىن كېيىن يەتتە قېتىم:

### اَللّٰهُمَّ اَجِرْنِى مِنَ النَّارِ

**ئاللاھىم، مېنى (جەھەننەم) ئوتىدىن ساقلا.** دېگىن. ئەگەر سەن مۇشۇنداق دېگەندىن كېيىن شۇ كېچىدە ئۆلسەڭ، جەھەننەم ئوتىدىن قۇتۇلۇش ساڭا ۋاجىپ بولىدۇ. بامدات نامىزىدىن كېيىنلا يەنە بۇ دۇئانى ئوقۇ. ئەگەر سەن شۇ كۈنى كۈندۈز ئۆلسەڭ، جەھەننەم ئوتىدىن قۇتۇلۇش ساڭا ۋاجىپ بولىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بامدات نامىزىدا دۇئادا مۇنداق دەيتتى:

### اَللّٰهُمَّ اِنِّى اَسْاَلُكَ عِلْمًا نَافِعًا ، وَعَمَلاً مُتَقَبَّلاً ، وَرِزْقًا طَيِّبًا

**ئاللاھىم! سەندىن پايدىلىق ئىلىم، مەقبۇل ئەمەل ۋە ھالال رىزىق تىلەيمەن.**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا **«ئىخلاس، فەلەق ۋە ناس»** سۈرىسىنى ئۈچ قېتىم ئوقۇ، بۇ سېنى يامان ئىشلاردىن ساقلايدۇ.

## نامازدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان ئومۇمىي دۇئا

ئەئۇزۇبىللاھى مىنەششەيتانىرراجىيم. بىسمىللاھىررەھمانىررەھىيم.

ھەمدۇ-سانالار ئالەملەرنىڭ رەببىگە، دۇرۇت ۋە سالام پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى، ئەسھابىغا بولسۇن. بىز ئاللاھقا ھەمدۇ-سانا ئېيتىمىز، ئاللاھتىن ياردەم ۋە ئەپۇ تىلەيمىز، گۇناھىمىزغا تەۋبە قىلىمىز. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تەۋبىلەرنى كۆپ قوبۇل قىلغۇچى ۋە ئاخىرەتتە مۆمىنلەرنى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.

ئەي رەببىمىز! ئوقىغان نامازلىرىمىزنى، ئىبادەتلىرىمىزنى كەم بولسىمۇ قوبۇل قىلغىن...

ئەي رەببىمىز! گۇناھلىرىمىزنى ئەپۇ قىل، بىزگە مەرھەمەت قىل، بىزنى جەننەتكە كىرگۈز ۋە جەھەننەم ئوتىدىن ساقلىغىن.

ئەي رەببىمىز! رازىلىقىڭغا ئۇيغۇن كېلىدىغان بارلىق ئىشلىرىمىزدا بىزنى مۇۋەپپىقىيەتكە ئېرىشتۈرگىن.

يا رەببى! ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا ياردەم قىلغىن.

يا رەببى! كۇپۇردىن، شىرىكتىن، پېقىرلىقتىن، قەبرە ئازاۋىدىن بىزنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلا.

يا رەببى! سەندىن ئۇزۇن ئۆمۈر، پايدىلىق ئىلىم، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھوزۇر تىلەيمەن.

(بۇ ئارىلىقتا ئاللاھتىن تىلەيدىغان ھەر قانداق شەخسىي تىلەكلىرى بولسا، تىلىسە بولىدۇ.)

يا رەببى! ھېساپ كۈنى مېنى، ئاتا-ئانامنى ۋە بارلىق مۆمىنلەرنى رەھمىتىڭ بىلەن مۇھاپىزەت قىل، ئەي راھمان ۋە راھىيم ئاللاھىم.

ئامىين! ئامىين! يا رەببى! دۇئالىرىمىزنى مەقبۇل قىل!

سۇبھانە رابىكە، راببىل ـ ئىززەتى ئامما يەسىفۇن ۋە سەلامۇن ئالەل مۇرسەلىين، ۋەلھامدۇلىللاھى راببىل ئالەمىين. ئەل ـ فاتىھا» دېگەندىن كېيىن ئەئۇزۇبىللاھى مىنەششەيتانىرراجىيم، بىسمىللاھىرراھمانىرراھىيم دەپ فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇپ، دۇئايىمىزنى تاماملايمىز.


## ئاللاھتائالانىڭ گۈزەل ئىسىملىرى ۋە پەزىلەتلىرى

ئاللاھتائالا مۇنداق دېگەن: **«ئەڭ گۈزەل ئىسىملار ئاللاھنىڭدۇر. شۇڭا بۇ ئىسىملار بىلەن دۇئا قىلىڭلار.»**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

**«ئاللاھتائالانىڭ توقسان توققۇز ئىسمى بار. بۇلارنى يادلاپ ئوقىغان كىشى جەننەتكە كىرىدۇ.»** بۇ دېگەنلىك ئەسمائى ھۇسنا (گۈزەل ئىسىملار)نىڭ مەنىسىنى بىلگەن ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىپ ئىشەنگەن كىشى جەننەتكە كىرىدۇ دېگەنلىكتۇر.

**هُوَ اللهُ الَّذِى لاَ اِلَهَ اِلاَّ هُوَ، اَلرَّحْمٰنُ، اَلرَّحِيمُ، اَلْمَلِكُ، اَلْقُدُّوسُ، اَلسَّلاَمُ، اَلْمُؤْمِنُ، اَلْمُهَيْمِنُ، اَلْعَزِيزُ، اَلْجَبَّارُ، اَلْمُتَكَبِّرُ، اَلْخَالِقُ، اَلْبَارِىءُ، اَلْمُصَوِّرُ، اَلْغَفَّارُ، اَلْقَهَّارُ، اَلْوَهَّابُ، اَلرَّزَّاقُ، اَلْفَتَّاحُ، اَلْعَلِيمُ، اَلْقَابِضُ، اَلْبَاسِطُ، اَلْخَافِضُ، اَلرَّافِعُ، اَلْمُعِزُّ، اَلْمُذِلُّ، اَلسَّمِيعُ، اَلْبَصِيرُ، اَلْحَكَمُ، اَلْعَدْلُ، اَللَّطِيفُ، اَلْخَبِيرُ، اَلْحَلِيمُ، اَلْعَظِيمَ، اَلْغَفُورُ، اَلشَّكُورُ، اَلْعَلِيُّ، اَلْكَبِيرُ، اَلْحَفِيظُ، اَلْمُغِيثُ، اَلْحَسِيبُ، اَلْجَلِيلُ، اَلْكَرِيمُ، اَلرَّقِيبُ، اَلْمُجِيبُ، اَلْوَاسِعُ، اَلْحَكِيمُ، اَلْوَدُودُ، اَلْمَجِيدُ، اَلْبَاعِثُ، اَلشَّهِيدُ، اَلْحَقُّ، اَلْوَكِيلُ، اَلْقَوِيُّ، اَلْمَتِينُ، اَلْوَلِيُّ، اَلْحَمِيدُ، اَلْمُحْصِى، اَلْمُبْدِىءُ، اَلْمُعِيدُ، اَلْمُحْيِى، اَلْمُمِيتُ، اَلْحَىُّ، اَلْقَيُّومُ، اَلْوَاجِدُ، اَلْمَاجِدُ، اَلْوَاحِدُ، اَلصَّمَدُ، اَلْقَادِرُ، اَلْمُقْتَدِرُ، اَلْمُقَدِّمُ، اَلْمُؤَخِّرُ، اَلْاَوَّلُ، اَلْاَخِرُ، اَلظَّاهِرُ، اَلْبَاطِنُ، اَلْوَالِى، اَلْمُتَعَالِ، اَلْبَرُّ، اَلتَّوَّابُ، اَلْمُنْتَقِمُ، اَلْعَفُوُّ، اَلرَّؤُوفُ، مَالِكُ الْمُلْكِ، ذُوالْجَلاَلِ وَالْاِكْرَامِ، اَلْمُقْسِطُ، اَلْجَامِعُ، اَلْغَنِيُّ، اَلْمُغْنِى، اَلْمَانِعُ، اَلضَّارُ، اَلنَّافِعُ، اَلنُّورُ، اَلْهَادِى، اَلْبَدِيعُ، اَلْبَاقِى، اَلْوَارِثُ، اَلرَّشِيدُ، اَلصَّبُورُ.**



ئۇ **ئاللاھكى**، ئۇنىڭدىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر،

**راھمان** (دۇنيادىكى ھەر مەخلۇقاتقا مەرھەمەت قىلغۇچى)،

**راھىم** (ئاخىرەتتە پەقەتلا مۆمىنلەرگە مەرھەمەت قىلغۇچى)،

**ئەل ـ مەلىكۇ** (ھەممە نەرسىنىڭ ئىگىسى)،

**ئەل ـ قۇددۇسۇ** (ھەر خىل يامانلىق ۋە سەتلىكتىن يىراق)،

**ئەس ـ سەلامۇ** (ھەر خىل كەمچىلىك ۋە ئەيىپتىن ئۇزاق)،

**ئەل ـ مۇئمىنۇ** (مۆجىزە يارىتىپ، پەيغەمبىرىنى دەلىللىگەن)،

**ئەل ـ مۇھەيمىنۇ** (قەلبتە ساقلانغان ئىشلاردىن خەۋەردار)،

**ئەل ـ ئازىزۇ** (ھەممىدىن غالىب ۋە ئۈستۈن)،

**ئەل ـ جەببارۇ** (بەندىلەرنىڭ ئىشلىرىنى تۈزەتكۈچى)،

**ئەل ـ مۇتەكەببىرۇ** (تەڭ ئۇلۇغلۇق ئىگىسى)،

**ئەل ـ خالىقۇ** (ياراتقۇچى)،

**ئەل ـ بارىئۇ** (يارىتىلغۇچىلارنى ئىللەتلەردىن قۇتقۇزغۇچى، ھېكمەت بىلەن رەتكە سالغۇچى)،

**ئەل ـ مۇساۋۋىرۇ** (نەرسىلەرگە شەكىل بەرگۈچى)،

**ئەل ـ غاففارۇ** (گۇناھلارنى يۆگىگۈچى)،

**ئەل ـ قاھھارۇ** (قۇدرىتى بىلەن ھەممە نەرسىنى ئەمرى ئاستىدا باشقۇرغۇچى)،

**ئەل ـ ۋەھھابۇ** (ياخشىلىق ۋە ئەپۇ قىلىشى بىلەن بارلىق مەخلۇقاتلارنى ئۆز پاناھىغا ئالغۇچى)،

**ئەر ـ رەززاقۇ** (رىزىقلارنى مول بەرگۈچى)،

**ئەل ـ فەتتاھۇ** (مەخلۇقاتلىرى ئارىسىدا ئەڭ ئادىل ھۆكۈم چىقارغۇچى)،

**ئەل ـ ئالىمۇ** (ھەممىنى بىلگۈچى)،

**ئەل ـ كازىبۇ** (رىزىقنى تارلاشتۇرغۇچى)،

**ئەل ـ باسىتۇ** (رىزىقنى كەڭرى قىلغۇچى)،

**ئەل ـ خافىدۇ** (ئازغۇنلارنى پەسلەشتۈرگۈچى)،

**ئەر ـ رافىئۇ** (مۆئمىنلەرنى يۈكسەلدۈرگۈچى)،

**ئەل ـ مۇئىززۇ** (كامالەتكە ئېرىشتۈرگۈچى، ئۇلۇغلاشتۇرغۇچى)،

**ئەس ـ سەمىئۇ** (ھەممىنى ئاڭلىغۇچى)،

**ئەل ـ باسىرۇ** (ھەممىنى كۆرگۈچى)،

**ئەل ـ ھاكەمۇ** (ئۇلۇغ ئاللاھ سۆز ـ ھەرىكىتىدە ئادالەتلىكتۇر)،

**ئەل ـ ئادلۇ** (تولۇق ئادالەت ئىگىسى)،

**ئەل ـ لاتىفۇ** (مەخپىي ۋە ئىنچىكە ئىشلارنى بىلگۈچى، بەندىلىرىگە ئىنتايىن مەرت)،

**ئەل ـ خابىرۇ** (ھەممە ئىشتىن خەۋەردار)،

**ئەل ـ ھالىمۇ** (گۇناھكارلارغا جازا بېرىشكە ئالدىرىمايدىغان)،

**ئەل ـ ئازىيمۇ** (ئۇلۇغلۇق مەرتىۋىسىنىڭ ئەڭ ئۈستىدە تۇرغۇچى)،
**ئەل ـ غافۇرۇ** (چوڭ ـ كىچىك گۇناھلارنى ئەپۇ قىلغۇچى)،
**ئەش ـ شەكۇرۇ** (ئاز ئەمەلگە كۆپ ساۋاپ بەرگۈچى)،
**ئەل ـ ئالىييۇ** (ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇغى، ئالىيلارنىڭ ئالىيسى)،
**ئەل ـ كەبىرۇ** (ئۇلۇغلۇق ۋە ئازامەتتە ئەڭ ئۈستۈن بولغۇچى)،
**ئەل ـ ھافىيزۇ** (ھەممىنى قوغدىغۇچى)،
**ئەل ـ مۇقىيتۇ** (ئۇزۇقلاندۇرغۇچى، ماددى ۋە مەنىۋى ئۇزۇقلارنى ياراتقۇچى)،
**ئەل ـ ھاسىبۇ** (ياخشى ۋە يامان بارلىق ئەمەللەرنى ھېساپقا تارتقۇچى)،
**ئەل ـ جەلىلۇ** (جەلال سۈپىتى بىلەن سۈپەتلەنگۈچى)،
**ئەل ـ كەرىمۇ** (ئەزەل ۋە ئەبەد كېرەم (مەرتلىك) ئىگىسى)،
**ئەر ـ راقىبۇ** (ھەممىنى كۆزەتكۈچى ۋە بىلگۈچى)،
**ئەل ـ مۇجىبۇ** (دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلغۇچى)،
**ئەل ـ ۋاسىئۇ** (ھەممىنى ئىلمى بىلەن قورشىغۇچى)،
**ئەل ـ ھاكىمۇ** (كەڭ ئىلمى بىلەن ھەممىنى بىلگۈچى ھېكمەت ئىگىسى)،
**ئەل ـ ۋەدۇدۇ** (سۆيگۈچى ھەمدە سۆيۈلگۈچى)،
**ئەل ـ مەجىدۇ** (شانى ئۇلۇغ ۋە بۈيۈك بولغان)،
**ئەل ـ بائىسۇ** (ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرگۈچى)،
**ئەش ـ شەھىدۇ** (جىمى مەخلۇقاتلارنى بىلگۈچى)،
**ئەل ـ ھاققۇ** (ھەقىقەتەن بار بولغۇچى ۋە ھەقىقەتنى چۈشەندۈرگۈچى)،
**ئەل ـ ۋەكىلۇ** (بەندىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى تەمىنلىگۈچى)،
**ئەل ـ قاۋىييۇ** (ھەممە ئىشقا كۈچى يەتكۈچى)،
**ئەل ـ مەتىنۇ** (كۈچ ـ قۇۋۋىتى مەڭگۈ تۈگىمەيدىغان)،
**ئەل ـ ۋەلىييۇ** (ياردەم قىلغۇچى)،
**ئەل ـ ھامىيدۇ** (ھەمدۇ ـ ساناغا ۋە ماختاشقا پەقەت ئۇ لايىقتۇر)،
**ئەل ـ مۇھسى** (ھېچبىر نەرسە ياكى ئىش ئۇنىڭ قۇدرىتىنىڭ سىرتىدا ئەمەس)،
**ئەل ـ مۆبدىئۇ** (يوقتىن بار قىلغۇچى)،
**ئەل ـ مۇئىدۇ** (بىر نەرسە يوق بولغاندىن كېيىن ئۇنى ياراتقۇچى)،
**ئەل ـ مۇھيى** (ھايات بەرگۈچى)،
**ئەل ـ مۇمىتۇ** (ئۆلتۈرگۈچى)،
**ئەل ـ ھاييۇ** (ھايات ئىگىسى)،
**ئەل ـ قايىيۇمۇ** (ئۆزى بار بولۇپ باشقىسىغا مۇھتاج بولمىغان ۋە جىمى مەۋجۇدات ئۇنىڭغا مۇھتاج بولغان)،
**ئەل ـ ۋاجىدۇ** (خالىغان ھەر نەرسىنىڭ ئىگىسى)،
**ئەل ـ ماجىدۇ** (كېرەم ۋە شەرىپى بۈيۈك)،
**ئەل ـ ۋاھىدۇ** (بىر ۋە تەڭدىشى يوق)،

**ئەس ـ سامەدۇ** (ئېھتىياجتىن ئۈزاق، ئەمما باشقىلار ھەممىشە ئۇنىڭغا مۇھتاج)،
**ئەل ـ قادىرۇ** (قۇدرەت ۋە كۈچ ئىگىسى)،
**ئەل ـ مۇقتەدىرۇ** (قۇدرىتى، كۈچى چەكسىز)،
**ئەل ـ مۇقەددىمۇ** (مەۋجۇداتلارنىڭ بىر قىسمىنى باشقا بىر قىسمىنىڭ ئالدىغا قويغان)،
**ئەل ـ مۇئاخخىرۇ** (مەۋجۇداتلارنىڭ بىر قىسمىنى باشقا بىر قىسمىنىڭ ئاخىرىسىغا قويغان)،
**ئەل ـ ئەۋۋەلۇ** (بارلىق مەۋجۇداتلاردىن ئىلگىرى بار بولغان)،
**ئەل ـ ئاخىرۇ** (ھەممە نەرسە ھالاك بولغاندىن كېيىنمۇ مەۋجۇت بولىدىغان)،
**ئەز ـ زاھىرۇ** (سان ـ ساناقسىز ئوچۇق دەلىللەر بىلەن مەۋجۇتلىقى ئېنىق ئايان بولغان)،
**ئەل ـ باتىنۇ** (مەۋجۇتلىقىنىڭ ماھىيىتى ئىنسانغا نىسبەتەن مەخپىي بولغان)،
**ئەل ـ ۋالى** (تەسەررۇپ قىلغۇچى، باشقۇرغۇچى، ئىدارە قىلغۇچى)،
**ئەل ـ مۇتەئالى** (ئۇلۇغ زاتىغا مۇناسىپ بولمىغان ھەر قانداق نەرسىدىن ئۈزاقتۇر، بەك ئۇلۇغدۇر)،
**ئەل ـ بەررۇ** (ياخشىلىق قىلغۇچى، ئاۋايلىغۇچى)،
**ئەت ـ تەۋۋابۇ** (بەندىلەرنىڭ تەۋبىسىنى كۆپ قوبۇل قىلغۇچى)،
**ئەل ـ مۇنتاقىمۇ** (خالىغان كىشىنى شىددەتلىك ئازاپ بىلەن ئازاپلىغۇچى)،
**ئەل ـ ئافۇۋۋۇ** (گۇناھلارنى ئەپۇ قىلىپ ئۆچۈرگۈچى)،
**ئەر ـ رائۇفۇ** (ناھايىتى شەپقەتلىك)،
**مالىكۇل ـ مۇلكى** (مۈلۈكنىڭ ئىگىسى، مۈلكنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلغۇچى، ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى)،
**زۇل ـ جەلالى ۋەل ـ ئىكرام** (ئۇلۇغلۇق سۈپەتلىرىنىڭ ئىگىسى، مەخلۇقاتلىرىغا نېمەت بەرگۈچى)
**ئەل ـ مۇقسىتۇ** (زۇلۇمنى يوق قىلىپ ئادالەتنى ئورناتقۇچى، ھەممە نەرسىنى دەل جايىدا ياراتقۇچى)،
**ئەل ـ جامىئۇ** (قىيامەت كۈنى ئىنسانلارنى بىر يەرگە يىغىدىغان)،
**ئەل ـ غانىييۇ** (زاتىدا، سۈپەتلىرىدە ۋە ئىشلىرىدە ھېچقانداق نەرسىگە مۇھتاج ئەمەس، باي)،
**ئەل ـ مۇغنى** (ھېكمىتى تۈپەيلى ھەر نەرسىنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىغۇچى)،
**ئەل ـ مانىئۇ** (ھالاكەت ۋە نوقسانلىق سەۋەپلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرغۇچى)،
**ئەد ـ دارىرۇ** (زىيانلىق نەرسىلەرنى ياراتقۇچى)،
**ئەن ـ نافىئۇ** (پايدىلىق نەرسىلەرنى ياراتقۇچى)،
**ئەن ـ نۇرۇ** (ئالەملەر ئۇنىڭ بىلەن يورۇيدىغان)،
**ئەل ـ ھادى** (خالىغان بەندىسىنى سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى)،
**ئەل ـ بەدىئۇ** (ئاسمان ـ زېمىننى ئەڭ گۈزەل، تەڭداشسىز شەكىلدە ياراتقۇچى، ئىجاد قىلغۇچى)،
**ئەل ـ باقى** (مەڭگۈ يوقالمايدىغان ھالدا مەۋجۇتلىقى داۋاملىشىدىغان)،
**ئەل ـ ۋارىسۇ** (بارلىق مەخلۇقات يوق بولغاندىن كېيىن باقى قالىدىغان)،
**ئەر ـ رەشىدۇ** (ھىدايەتكە ئېرىشتۈرىدىغان)،
**ئەس ـ سابۇرۇ** (ئاسىي، گۇناھكارلارنى جازالاندۇرۇشقا ئالدىرىمايدىغان).

## ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە دۇرۇت ئوقۇش



پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

«سىلەرنىڭ كۈنلىرىڭلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ پەزىلەتلىكى جۈمە كۈنىدۇر. بۇ كۈنىدە ماڭا كۆپ دۇرۇت **(ئاللاھۇممە سالْلى ئالا سەيیىدىنا مۇھاممەد)** ئوقۇڭلار، چۈنكى سىلەرنىڭ دۇرۇتىڭلار ماڭا يېتىپ كېلىدۇ.

ساھابىلەر سورىدى:

- ئەي رەسۇلۇللاھ! سېنىڭ سۆڭەكلىرىڭ تۇپىغا ئايلىنىپ كەتكەندە، بىزنىڭ دۇرۇتىمىز ساڭا قانداق يېتىپ بارىدۇ؟

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- ئاللاھ پەيغەمبەرلەرنىڭ جەسىتىنى تۇپراققا ھارام قىلغان (تۇپراق ئۇلارنى چىرىتمەيدۇ).» - دېدى.

**«سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم = ئاللاھتىن ئۇنىڭغا سالام ۋە ياخشىلىق بولسۇن! (س ئە ۋ)»**

**«ئاللاھۇممە سەللى ئالا سەيیىدىنا مۇھەممەد = ئاللاھىم، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەدكە ياخشىلىق بەرگىن».**

**«ئەلەيھىسسالام = ئۇنىڭغا سالام ۋە ياخشىلىق بولسۇن! (ئە س)»**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«مەن كىمنىڭ يېنىدا تىلغا ئېلىنسام، ماڭا دۇرۇت ئوقۇسۇن؛ چۈنكى ماڭا بىر قېتىم دۇرۇت ئوقۇغان (ئاللاھۇممە سەللى ئالا سەيیىدىنا مۇھەممەد دېگەن) كىشىگە ئاللاھ ئون رەھمەت بېرىدۇ.

## ھېكايە: بىر بانكىرنىڭ ئاقىۋىتى

ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىلىرىدىن بىرى سۇفيانى سەۋرى مۇنداق دەيدۇ:

ھەجدە ئىدىم. كەبىنى تاۋاپ قىلىۋاتقاندا بىر يىگىت كۆردۇم، بۇ يىگىت كەبىدە، ئاراپاتتا توختىماستىن پەيغەمبىرىمىزگە دۇرۇت ئوقۇيتتى، باشقا ھېچقانداق دۇئا قىلمايتتى.

مۇۋاپىق بىر پەيتتە ئۇنىڭغا:

- ئاغىينە، ھەممە يەرنىڭ ئۆزىگە چۈشلۇق دۇئاسى بار. بىلمەسلىك ئەيىپ ئەمەس، ئەگەر بىلمىسەڭ، ساڭا ئۆگىتىپ قوياي. - دېدىم. يىگىت:

- ھەممىنى بىلىمەن. بېشىمدىن ئۆتكەن بىر ۋەقەنى ساڭا سۆزلەپ بەرسەم، بەلكىم نېمىشقا پەقەتلا ئالەملەرنىڭ ئەپەندىسىگە دۇرۇت ئوقۇغانلىقىم، باشقا دۇئا قىلمىغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىشىڭ مۇمكىن. - دېگەندىن كېيىن كەچۈرمىشىنى سۆزلەشكە باشلىدى:

- بىز خۇراساندا ياشايتتۇق. ھەجگە بارىدىغانلار خۇراساندىن يولغا چىقتى. مەنمۇ دادام بىلەن بىللە ئۇلارنىڭ سېپىگە قوشۇلدۇم. كۇفە شەھرىگە كەلدۇق. دادام تويۇقسىز كېسەل بولۇپ، تەڭ كېچىدە ئاخىرەتكە سەپەر قىلدى. كېچىدە باشقىلارنىڭ ئويغۇسىنى بۇزماسلىق

ئۈچۈن، دادامنىڭ يۈزىنى يۆگەپ قويۇپ، تاڭ ئاتقۇچە كۆز يېشى قىلىپ ئولتۇردۇم. تويۇقسىز كۆڭلۈمگە مېنى يات ئەللەردە يالغۇز تاشلاپ كەتكەن دادامنىڭ ئۆلگەندىن كېيىنكى چىرايىنى بىر كۆرۈپ بېقىش ئىستىكى كەلدى. دادامنىڭ يۈزىنى يۆگەپ قويغان رەختنى ئېلىشىم بىلەن، ئاھ!... كۆزۈمگە كۆرۈنگىنى نېمە؟! دادامنىڭ بېشى ئېشەك بېشىغا ئۆزگىرىپ قالغان ئىدى. ھاڭ-تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدىم، ئاھ خۇدا! ئەمدى قانداقمۇ قىلارمەن؟ قايسى يۈزۈم بىلەن بۇنى سەپەرداشلارغا ئېيتارمەن؟ ئازاپ، غەم ئىلكىدە قىينىلىپ تۇرغىنىمدا مېنى ئۇيقۇ باستى. بۇ ئەسنادا مەن تۇرىۋاتقان چېدىرنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، نۇرانە بىركىشى كىرىپ كەلدى ۋە ماڭا:

- نېمىگە شۇنچە قايغۇرۇپ يىغلاۋاتىسەن؟ - دەپ سورىدى. مەن:

- ئەپەندىم، بېشىمغا كەلگەن مۇشۇنچە بالا-قازاغا قانداقمۇ قايغۇرماي تۇرالايمەن؟ مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن؟ -دېدىم.

بۇ كىشى دادام ياتقان يەرگە كەلدى. دادامنىڭ يۈزىدىكى رەختنى ئېلىپ، دادامنىڭ يۈزىنى بىر سىلىدى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ قارىدىم. پاھ، كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم. دادامنىڭ يۈزى ئىلگىرىكىدىنمۇ چىرايلىق، ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئاينىڭ يۈزىدەك پارلاق بولۇپ كەتكەن ئىدى. بۇ مۆجىزىنى كۆرۈپ، ئۇ كىشىگە يېقىنلىشىپ:

- ئەي ياخشىلىق قىلغۇچى! سىز كىم؟ - دەپ سورىدىم.

- مەن مۇھەممەد مۇستاپامەن. - دېيىشى بىلەن:

- بۇ قانداق ئىش؟ ئاللاھ ئاشقى ئۈچۈن ماڭا راستىنى دەڭ! ... - دەپ ئۇنىڭ مۇبارەك ئايىغىغا يىقىلدىم، يىغلاپ يالۋۇردۇم. ماڭا مېھرى-شەپقەت بىلەن قاراپ مۇنداق دېدى:

- سېنىڭ داداڭ جازانىخور ئىدى، ئۆسۈم يەيتتى. جازانىخورلۇق قىلغۇچىلارغا ئاللاھنىڭ ھۆكمى مۇشۇ. يا دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە يۈزى ئېشەكنىڭ يۈزىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەمما ئاللاھۇتائالا داداڭنى دۇنيادا بۇ شەكىلدە قويدى. بۇنىڭغا چۈشلۇق داداڭنىڭ دۇنيادا ياخشى بىر ئادىتى بار ئىدى. ئۇخلاشتىن ئىلگىرى ھەر كېچىسى ماڭا يۈز قېتىم دۇرۇت ئوقۇيتتى. داداڭ ئۆلگەندىن كېيىن بۇ ھالغا كېلىپ قالغانلىقى ماڭا ئۈممىتىمنىڭ ئوقۇغان دۇرۇتلىرىنى يەتكۈزىدىغان پەرىشتە تەرىپىدىن خەۋەر قىلىنىشى بىلەنلا ماڭا دۇرۇت ئوقۇغان داداڭغا ياردەم قىلىش ئۈچۈن ئاللاھتىن ئىجازەت سورىدىم. ئىجازەت بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن كەلدىم، شاپائىتىم بىلەن داداڭنى بۇ ھالەتتىن قۇتۇلدۇردۇم. - دېدى.

- مەن شۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق دۇئا قىلمايمەن، پەقەتلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇت ئوقۇيمەن دەپ ۋەدە قىلدىم. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوقۇلغان دۇرۇتنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئىنسانغا پايدىلىق بولىدىغانلىقىغا ئىشەندىم. - دېدى.



## ھاشارەتلەرنىڭ چېقىۋېلىشىغا قارشى ئوقۇلىدىغان دۇئا

ئەبۇ ھۇرەيرە مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: «تۈنۈگۈن مېنى چايان چېقىۋالدى، بەك قىينالدىم» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ دۇئانى ئۈچ قېتىم ئوقۇغان بولساڭ، ئۇ ساڭا قىلچە زىيان يەتكۈزەلمەيتتى،




## اَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللّٰهِ التَّامَّاتِ مِنْ شَرِّمَا خَلَقَ

**ئاللاھ ياراتقان نەرسىلەرنىڭ شەررىدىن ئاللاھنىڭ قۇرئانىغا سېغىنىمەن، دېگىن»** دېدى.

## ھېكايە: قۇرئان شىپادۇر

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ ساھابىلىرىدىن ئوتتۇز كىشىلىك بىر گۇرۇپپا كېچىدە بىر يېزىغا كەلدى. يېزىدىكىلەردىن مېھمان قىلىشنى ئۆتۈندى، لېكىن يېزىدىكىلەر ئۇلارنى مېھمان قىلمىدى، ھەتتا يېگۈدەك نان بىلەن سۇمۇ بەرمىدى.



ساھابىلەرنىڭ يېگۈدەك ھېچقانداق نەرسىسى قالمىغان ئىدى. ئۇلار كېچىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن يېزىغا يېقىن بىر يەردە قوندى.


بىر دەمدىن كېيىن يېزىنىڭ ئاقساقىلىنى چايان چېقىۋالدى. يېزىدىكىلەر بارلىق چارە-ئاماللارنى ئىشلىتىپ داۋالاشقا تىرىشتى. ئەمما بىكار ئاۋارە بولدى، پايدىسى بولمىدى. ئاقساقالنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئاخىرقى چارە سۈپىتىدە ئۆزلىرى مېھمان قىلىشقا ئۇنىمىغان يولۇچىلاردىن بىر سوراپ بېقىشقا مەجبۇر بولدى.

يېزىدىكىلەردىن بىر كىشى ساھابىلەرنىڭ يېنىغا ئالدىراش كەلدى:

- يېزىمىزنىڭ ئاقساقىلىنى زەھەرلىك چايان چېقىۋالدى. سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا بۇنى داۋالىيالايدىغانلار بارمۇ؟ - دەپ سورىدى. ساھابىلەردىن بىرى ئۇنىڭغا:

- سىلەر بىزگە قارىمىدىڭلار، بىزمۇ سىلەرگە قارىمايمىز. - دەپ جاۋاپ بەردى. يېزىدىن كەلگەن ئادەم يالۋۇرۇپ قىلىڭلار دەپ ئۆتۈنۈپ تۇرىۋالدى.

ساھابىلەردىن يەنە بىرەيلەن:



- ئوتتۇز قوي بەرسەڭلار، كېسەلنى داۋالاپ قويىمەن. - دېدى.

يېزىدىن كەلگەن كىشى:

- بولىدۇ، ئوتتۇز قوي بېرىمىز. - دېدى. ساھابە ئۇنىڭ بىلەن بىللە يېزىغا بېرىپ، بىمارنىڭ قېشىغا كەلدى. زەھەرلەنگەن ئاقساقالغا



فاتىھە سۈرىسىنى ئۈچ ياكى يەتتە قېتىم ئوقۇدى. بىر دەمدىن كېيىن ئاقساقال پۈتۈنلەي ساقايدى.

ئاقساقال فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇپ ئۆزىنى داۋالىغان ساھابىگە ئوتتۇز قوي بەردى.


ساھابە ئوتتۇز قوينى ھەيدەپ ئۆزىنى تەلمۈرۈپ ساقلاپ تۇرغان ھەمراھلىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى. قورسىقى ئېچىپ ئۇسساپ كەتكەن دوستلىرىغا قوينىڭ سۈتىنى سېغىپ بەردى. دوستلىرى ئۇنىڭغا:

- ياخشىغۇ، بۇ قويلارنى نەدىن ئەكەلدىڭ؟

- دەپ سورىدى. ئۇ:

- ئايەت ئوقۇپ ئاقساقالنىڭ كېسىلىنى داۋالىدىم، بۇنىڭ ھەققى ئۈچۈن بۇ قويلارنى ئالدىم. - دېدى. دوستلىرى:

- سەن ئايەت ئوقۇپ كېسەل داۋالاشنى بىلەمتىڭ؟ - دەپ سورىدى. ئۇ:




- مەن قۇرئاننىڭ ئىنسانلارغا شىپا بولىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. شۇڭا پەقەت فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇپلا ئاقساقالنى قۇرئان بىلەن داۋالىدىم. - دېدى. دوستلىرى سۈتنى ئىچكەنلىكى ئۈچۈن كۆڭلى يېرىم بولدى. قۇرئان ئوقۇغاننىڭ ئىش ھەققىنى ئېلىشنى توغرا كۆرمىدى. بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سوراپ بېقىشقا نىيەت قىلىشتى.

مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندە ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئېيتىشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئان بىلەن كېسەل داۋالىغان ساھابىنىڭ قىلغىنىنى بوپتۇ دېدى. ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ:

- فاتىھەنىڭ داۋالاش مەقسىتىدە ئوقۇلىدىغانلىقىنى بىلەمتىڭ؟ يېزىدىكىلەر بەرگەن قويلارنى تەقسىم قىلىڭلار، ماڭىمۇ بىرنى ئايرىپ قويۇڭلار. - دېدى.



## نەسىھەتلەر:

* قۇرئان شىپادۇر. لېكىن شىپا سۇ كەلگەن قانالغا باغلىقتۇر. پاسكىنا قانالدىن شىپا كەلمەيدۇ. شۇڭا پاكىزە ياشايدىغان گۈزەل ئەخلاقلىق كىشىلەردىن ياردەم تەلەپ قىلىش كېرەك.

* پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزى كېسەللىكلەر ئۈچۈن دۇئا قىلىشقا رۇخسەت قىلغان. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئالدى بىلەن دوختۇرنىڭ داۋالىشىنى تەۋسىيە قىلغان.

## دەرت ـ ئەلەم، غەم ـ قايغۇ ۋە قەرزدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان دۇئا

«بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدكە كىردى. ئەبۇ ئۇمامە ئىسىملىك بىر ئادەم مەسجىدتە تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

ـ ئەي ئەبۇ ئۇمامە، ناماز ۋاقتى ئەمەس بىر چاغدا بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ قانداق ئەھۋالىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. ئەبۇ ئۇمامە:

ـ ئۈستۈمدىكى دەرت ـ ئەلەم، غەم ـ قايغۇ ۋە قەرزلەر مېنى مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى، يا رەسۇلۇللاھ! ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ساڭا بىر دۇئا ئۆگىتىپ قوياي، بۇنى ئوقۇساڭ، ئاللاھ سېنى غەم ـ قايغۇدىن قۇتقۇزغاي ۋە قەرزىڭنى تۆلەشتە ساڭا ياردەم قىلغاي. ـ دېدى. مەن:

ـ ماقۇل، ئۆگىتىپ قويغىن، يا رەسۇلۇللاھ. ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

ـ ئەتىگەن ۋە ئاخشامدا مۇنداق دە:

**اَللّٰهُمَّ اِنِّى اَعُوذُبِكَ مِنَ الْهَمِّ وَالْحَزَنِ ، وَاَعُوذُبِكَ مِنَ الْعَجْزِ وَالْكَسَلِ ،**

**وَ اَعُوذُبِكَ مِنَ الْجُبْنِ وَالْبُخْلِ ، وَاَعُوذُبِكَ مِنْ غَلَبَةِ الدَّيْنِ وَقَهْرِ الرِّجَالِ**


ئاللاھىم! دەرت ـ ئەلەم ۋە غەم ـ قايغۇدىن ساڭا سېغىنىمەن. ئاجىزلىقتىن ۋە ھۇرۇنلۇقتىن ساڭا سېغىنىمەن. قورقۇنچاقلىقتىن ۋە بېخىللىقتىن ساڭا سېغىنىمەن. قەرزدارلىقتىن ۋە دۈشمەنلەرنىڭ غالىپ بولىشىدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن.

ئەبۇ ئۇمامە مۇنداق دەيدۇ: «مەن بۇ دۇئانى ئوقىدىم. ئاللاھتائالا غەم ـ قايغۇدىن ۋە قەرزدىن قۇتۇلدۇردى.»

دىققەت: قۇرئانى ـ كەرىمدىكى ۋاقىئە سۈرىسىنى ئوقۇشمۇ بەك پايدىلىقتۇر.

## قەرز قايتۇرۇشتا قىينالغان كىشى ئوقۇيدىغان دۇئا

ھەزرىتى ئەلى مۇنداق دەيدۇ: بىر قەرزدار قۇل كېلىپ: «ئازات قىلىنىش بەدىلىگە تۆلەيدىغان قەرز تۆلەيپلى قىيىن ئەھۋالدا قالدىم، ماڭا ياردەم قىلساڭ» ، ـ دېدى.



ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا ئۆگىتىپ قويغان بىر دۇئانى ساڭا ئۆگىتىپ قوياي، تاغدەك قەرزىڭ بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ ياردىمىدە تۆلەپ بولالايسەن. بۇ دۇئا مۇنداق:

**اَللّٰهُمَّ اكْفِنِى بِحَلاَلِكَ عَنْ حَرَامِكَ ،**

**وَاغْنِنِى بِفَضْلِكَ عَمَّنْ سِوَاكَ**

ئاللاھىم، ھارامغا قارشى مېنى ھالالغا قانائەتكار قىل، سەندىن باشقىسىغا مېنى مۇھتاج قىلما.

## نېمەت كەلگەندە ياكى يامانلىق يوقالغاندا ھەمدۇ-سانا ئېيتىش (شۈكۈر قىلىش)

بىر نېمەتكە ئېرىشكەندە ياكى ياخشى ئەمەس بىرەر ئىش يوقالغان چاغدا، بۇ ئىش ئۆزى ئۈچۈن بولسۇن، ياكى دوستلىرى ... ئۈچۈن بولسۇن، ئاللاھتائالاغا ھەمدى ئېيتىش گۈزەلدۇر.




اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ

جىمى ھەمدۇ-سانا ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا خاستۇر.

## ئېغىر قىيىنچىلىق ۋە پالاكەت پەيتلىرىدە ئوقۇلىدىغان دۇئالار

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىيىنچىلىق پەيتىدە مۇنداق دەيتتى:



يَاحَيُّ يَاقَيُّومُ ، بِرَحْمَتِكَ اَسْتَغِيثُ

ئەي ھايىي ۋە قاييۇم (ئۆلمەيدىغان ۋە ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدىغان ئاللاھ)، رەھمىتىڭ بىلەن سەندىن ياردەم تىلەيمەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنۇ دۇئانى ئەڭ كۆپ ئوقۇيتتى:

رَبَّنَا آتِنَا فِى الدُّنْيَا حَسَنَةً وَ فِى الْآخِرَةِ حَسَنَةً وَقِنَا عَذَابَ النَّارِ



ئاللاھىم، بىزگە دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە ياخشىلىق بەرگىن، بىزنى ئاتەش ئازابىدىن ساقلىغىن.



## ئاغرىق، ئازاپ ۋە بىمارلار ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان دۇئا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: «ئازاپ ۋە قىيىنچىلىق ئىچىدە قالغان كىشى تۆۋەندىكى دۇئالارنى ئوقىسۇن:

اَللّٰهُمَّ رَحْمَتَكَ اَرْجُو فَلاَ تَكِلْنِى اِلَى نَفْسِى طَرْفَةَ عَيْنٍ ،
وَاَصْلِحْ لِى شَاْنِى كُلَّهُ ، لاَ اِلَهَ اِلاَّ اَنْتَ

ئاللاھىم! سېنىڭ رەھمىتىڭنى تىلەيمەن، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇدەك قىسقا بىر ۋاقىت بولسىمۇ، مېنى نەپسىمگە تاشلاپ بەرمە، مېنىڭ ئەھۋالىمنى ياخشىلا، سەندىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر.



پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن:

«مەن بىر دۇئا بىلىمەن، بۇنى ئوقىغان ھەر قانداق بىر دەرتمەن دەرتتىن خالاس بولىدۇ. بۇ دۇئا قېرىندىشىم يۇنۇس ئەلەيهىسسالام بېلىقنىڭ قورسىقىدا تۇرۇپ ئوقىغان دۇئادۇر:


لاَ اِلٰهَ اِلاَّ اَنْتَ سُبْحَانَكَ اِنِّى كُنْتُ مِنَ الظَّالِمِينَ

سەندىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، سەن بارلىق نوقسان-سۈپەتلەردىن پاكسەن. مەن ئۆزەمگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم.

## ھېكايە: كېمىدىن دېڭىزغا تاشلانغان يۇنۇس ئەلەيهىسسالامنىڭ دۇئاسى

يۇنۇس ئەلەيهىسسالامنىڭ ۋەزىپىسى ئىنسانلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئىدى. ئىنسانلار يۇنۇس ئەلەيهىسسالامنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلمىدى. يۇنۇس ئەلەيهىسسالام ئىنسانلارغا قىيداپ، ئۆزى تۇرىۋاتقان شەھەرنى ئاللاھتىن رۇخسەت ئالماي تاشلاپ مېڭىپ بىر كېمىگە چىقتى. كېمە بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن توختاپ قالدى. كېمىنىڭ يۈكى ھەددىدىن ئارتۇق ئېغىر بولغاچقا، چەك تاشلاش ئارقىلىق بەزى ئىنسانلارنى كېمىدىن سۇغا تاشلاپ كېمىنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش قارار قىلىندى. يۇنۇس ئەلەيهىسسالامغا سۇغا تاشلىنىدىغان چەك چىقتى. چەك ئۈچ قېتىم تەكرار تاشلانغان بولسىمۇ، چەك يەنىلا يۇنۇس ئەلەيهىسسالامغا چىقىۋەردى. شۇنىڭ بىلەن يۇنۇس ئەلەيهىسسالام كېمىدىن دېڭىزغا تاشلاندى.

### يۇنۇس ئەلەيهىسسالامنى يۇتقان بېلىقنىڭ ئېيتقانلىرى



بىر كۈنى، دېڭىزنىڭ چوڭقۇرلۇقلىرىدا ئۈزۈپ كېتىۋېتىپ، كېمىدىن سۇغا چۈشكەن بىر نەرسىنى كۆردۈم. شىددەتلىك دولقۇنلار ئىچىدە چۆكۈپ كېتىۋاتقىنى بىر ئىنسان ئىدى. ئۇنىڭغا قاراپ ماڭدىم، ئاغزىمنى ئاچتىم. كۈچلۈك بىر دولقۇن ئۇنى ئاغزىمغا يېقىن ئەكەلدى. ئۇلۇغ ئاللاھ يۇنۇس ئەلەيهىسسالامنى يۇت دەپ ئەمىر قىلىشى بىلەن ئاغزىمنى تېخىمۇ يوغان ئېچىپ، ئۇنىڭغا يېقىن كەلدىم، نىھايەت ئۇنى يۇتتۇم. يۇنۇس ئەلەيهىسسالامنى يۇتۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاغزىمنى چىڭ يۇمۇپ، دېڭىزنىڭ چوڭقۇر يېرىگە قاراپ چۆكۈشكە باشلىدىم.

قاتتىق بىر ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئاۋازى كەلدى، بۇ ئاۋاز ھەممە تەرەپتىن كېلىۋاتاتتى. ئاۋاز ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىدىن بىرىنىڭ ئاۋازى ئىدى:


- ئۇنى ساڭا رىزىق (غىزا) قىلمىدۇق. ئەكسىچە، سېنى ئۇنىڭغا بىر ماكان (قوغدىلىدىغان يەر) قىلدۇق. ئۇنى ئال، سۆڭىكىنى سۇندۇرما، بەدىنىنى يارىدار قىلما! - دەۋاتاتتى بۇ ئاۋاز.

چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدىم. دېڭىزنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا شۇڭغۇدۇم.

يۇنۇس ئەلەيهىسسالام ئۆزى ۋە خەلقى ھەققىدە خاتا قارار قىلغان ئىدى. چۈنكى ئۇ ئاللاھنىڭ ئەمرىنى خەلقىگە بىلدۈرۈشتە سەۋرى قىلالماي، ئۇلارنى جاھالەت، كۇپۇر ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ قاراڭغۇلۇقىغا تاشلاپ قويغان ئىدى...

يۇنۇس ئەلەيهىسسالام قورسىقىمنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ، خاتالىقىنى تونۇپ يەتتى ۋە ئاللاھتىن ئۈمىدىنى ئۈزمەي، دەرھال زىكىر (ئاللاھقا دۇئا) قىلىشقا باشلىدى. ئۇ مۇنداق دەيتتى:

- لا ئىلاھە ئىللا ئەنتە، سۇبهانەكە ئىننىي كۇنتۇ مىنەز-زالىمىن.



(سەندىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، سەن بارلىق نوقسان-سۈپەتلەردىن پاكسەن. مەن ئۆزەمگە زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم.)

ئۆپكەمدىكى ھاۋا تۈگىشى بىلەن ئويغىنىپ، دېڭىز يۈزىگە چىقتىم. دېڭىز تىنچ، ھاۋاسى ساپ ئىدى. نەپەس ئېلىشقا باشلىدىم.

تۈنۈگۈن كېچىدىكى ئىشلارنى ئەسلىدىم. چۈش كۆردۈممۇ-يا دەپ ئويلىدىم. بۇنىڭ تەبىرىنى سوراش ئۈچۈن ئاسمانغا قاراپ سەجدە قىلغاچ سەكرىدىم.

كۆرەلمىگەن بولساممۇ، پەرىشتىنىڭ كەلگەنلىكىنى ھىس قىلدىم. پەرىشتىگە سالام قىلىش ئۈچۈن ئېگىشتىم. ئۇنىڭغا:

- ئەي ئۇلۇغ پەرىشتە! ماڭا نېمە بولدى؟ بەزى چۈشلەرنى كۆردۈم، تۈنۈگۈن قورقۇنچلۇق بىر ئىش يۈز بەردى. - دېدىم. پەرىشتە:

- تۈنۈگۈن كېچە بىر مۆجىزە يۈز بەردى. - دېدى.

- دېڭىزنىڭ باشلىقى پەرىشتە ئەپەندىم! ئۆتۈنۈپ قالاي، ماڭا تۈنۈگۈن كېچە مەن يۇتقان كىشى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز. - دېدىم.

- سەن زۇننۇننى يۇتتۇڭ. - دېدى.

- نادانلىقىمنى كەچۈرۈڭ. زۇننۇن دېگەن كىم ئۇ؟ - دەپ سورىدىم.

- يۇمشاق ۋە ئېغىر-بېسىق بىر پەيغەمبەر، شەرەپلىك جانلىق. - دېدى.

- ئۇ ئۆزىنى دېڭىزغا ئاتتىمۇ؟ - دېدىم.

- كېمىدىكىلەر ئۆزئارا چەك تاشلىدى. چەك ئۇنىڭغا چىقىپ، دېڭىزغا تاشلاندى. - دېدى.

- پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلمەي، ئۇنى يۇتتۇم. - دېدىم.

- ئاللاھ ئۇنى ساڭا رىزىق (يېمەكلىك) قىلمىدى. - دېدى.

- ئەمما ئۇ مېنىڭ ئىچىمدە. ئىش تۈگىدى. ئۇ مېنىڭ رىزقىم بولدى.

- ياق! ئۇ سېنىڭ ئىچىڭدە، لېكىن سېنىڭ رىزقىڭ ئەمەس.

- ئۇنداق بولسا، ئۇنى نېمشقا يۇتتۇم؟

- سەن ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر ماكانسەن.

- بىر ۋەھشى يىرتقۇچ ھايۋان ئېغىر-بېسىق، يۇمشاق خۇيلۇق بىر پەيغەمبەرگە قانداقمۇ ماكان بولالىسۇن؟


پەرىشتە كەتتى، مېنى يالغۇز تاشلاپ قويدى.

قۇياش ئاسماننىڭ ئوتتۇرىسىدا تەختىدە ئولتۇردى، مەن تېخىچە نەپەس ئالغاچ ئۈزۈپ يۈرۈۋاتىمەن. ئۈزۈۋېرىپ ھېرىپ قالدىم. دېڭىزنىڭ چوڭقۇر يېرىگە شۇڭغۇپ، بىر ئاز دەم ئالاي دەپ ئويلىدىم. قۇيرۇقۇمنى پۇلاڭلىتىپ، دېڭىزنىڭ تېگىگە چۆكتۈم.



شۇئاندا يۇنۇس ئەلەيھىسسالام ئىچىمدە نېمە ئىش قىلىۋاتىدىغاندۇ؟ بۇ قاراڭغۇلۇقتا قانداق ئولتۇرىۋاتقاندۇ؟ دەپ خىيال قىلىۋاتسام، تۇيۇقسىز بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:

**- لا ئىلاھە ئىللا ئەنتە، سۇبھانەكە ئىننىي كۇنتۇ مىنەز-زالىمىن.**



ئاۋازنى تونىمايتتىم. مەن يىرتقۇچلارنىڭ، باشقا هايۋانلارنىڭ ۋە بىلىقلارنىڭ ئاۋازىنى بىلىمەن. بۇ ئاۋاز ئۇلارنىڭكىگە قەتئىي ئوخشىمايتتى.

چوڭقۇر قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تۇرىۋاتقان بۇ كىشىنى كۆرۈش ئۈچۈن قۇيرۇقۇمنى ئەتراپىمدا ھەرىكەتلەندۈردۇم، ئەمما ھېچكىمنى كۆرەلمىدىم.

**– لا ئىلاھە ئىللا ئەنتە، سۇبھانەكە ئىننىي كۇنتۇ مىنەز-زالىمىين.**

بۇ ئاۋاز داۋاملىشىۋاتاتتى. توختىماستىن داۋاملىشىۋاتاتتى. زىرىكمەي-تىرىكمەي تەكرارلىناتتى. جۈملە ئاخىرلىشىش بىلەنلا يەنە تەكرار باشلىناتتى.

ئاۋازنىڭ نەدىن كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇياق-بۇياققا چاپتىم. تۇساتتىن ئاۋازنىڭ مەندىن كېلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدىم.

ھەر زىكىر بىلەن تەڭ ۋۇجۇدۇمدىن نۇر كەبى بىر نەرسىنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. چۈشەندىمكى، ئىچىمگە مەھبۇس بولغان پەيغەمبەر ئاللاھنى زىكىر قىلىۋاتاتتى. پۈتۈن ۋۇجۇدۇم تىترەپ كەتتى. كۆلرەڭ پىشانەمدىن ئۈنچە-مارجاندەك تەر تۆكۈلگەنلىكىنى ھىس قىلدىم.

قۇيرۇقۇمنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، تىنىك تۇردۇم.

يۇنۇس ئەلەيھىسسالامغا ھېچكىم ئىشەنمىگەن بولسا، بوپتۇ، ئۇنىڭغا مەن ئىشىنەي، مەن ئىمان ئېيتاي دەپ ئويلىدىم. مەنمۇ:

**– لا ئىلاھە ئىللا ئەنتە، سۇبھانەكە ئىننىي كۇنتۇ مىنەز-زالىمىين.** – دېدىم.

يۇنۇس ئەلەيھىسسالام داۋاملىق رەببىدىن باشقا ئىلاھ يوق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھەر خىل ئەيىپ-نوقسانلاردىن خالىي ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ زالىم بولغانلىقىنى سۆزلەيتتى.

قورسىقىمدىكى يۇنۇس ئەلەيھىسسالام بىلەن گەپلەشكۈم كەلدى. ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلىشاي دېدىم. تەڭ كېچىدە، دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا تەمتىرىگەن ھالدا پىچىرلىدىم:

– ئەي ئۇلۇغ پەيغەمبەر! ساڭا نېمە قىلىپ بەرسەم بولار؟

يۇنۇس ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

**– لا ئىلاھە ئىللا ئەنتە، سۇبھانەكە ئىننىي كۇنتۇ مىنەز-زالىمىين.**

– ئەي ئۇلۇغ پەيغەمبەر! بۇ يەردىن قۇتۇلۇشۇڭ ئۈچۈن ساڭا قانداق ياردەم قىلاي؟

يۇنۇس ئەلەيھىسسالام يەنە:

**– لا ئىلاھە ئىللا ئەنتە، سۇبھانەكە ئىننىي كۇنتۇ مىنەز-زالىمىين.**


ئۇنىڭ مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلىمىغانلىقىنى ھىس قىلدىم. ئۇ مەن بىلەن ئەمەس، دۇئاسى بىلەن مەشغۇل ئىدى.

قەلبىمنى سۈكۈتكە تاشلاپ بەردىم، سۇئال سوراشتىن ۋاز كەچتىم.

قۇيرۇقۇمنى تىنىك قىلىپ، ئۆزەمگە خاس ئۇسۇلدا سۇدا ئۈزۈشكە باشلىدىم. ئىچىمدىكى زاپاس ھاۋا تۈگىدى، دەرھال سۇ يۈزىگە چىقتىم. تىنىغاچ مەنمۇ دۇئا قىلىشقا باشلىدىم.



قورسىقىم ئىنتايىن ئاچ ئىدى. ئىككى كۈندىن بويان ھېچقانداق نەرسە يېمىگەن ئىدىم. ئەسلىدە مېنىڭ ھەر كۈنى يەيدىغىنىم مىڭ كىلو بېلىقتىن ئاز ئەمەس ئىدى.



ئاشقازىنىم مۇجۇپ ئاغرىشقا، ئۈچەيلىرىمدىن بىزگە خاس بولغان بىر خىل خۇشپۇراق (ئەنبەر) كېلىشكە باشلىدى.

**ـ لا ئىلاھە ئىللا ئەنتە، سۇبھانەكە ئىننىي كۇنتۇ مىنەز ـ زالىمىين.**

يۇنۇس ئەلەيھىسسالام تېخىچە زىكىر قىلىۋاتاتتى.

روھىمىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا تەسۋىرلەش مۇمكىن بولمايدىغان بىر نۇر پارلايتتى، ئۈچەيلىرىم خۇشبۇي ھىدقا تولغان ئىدى.

ئاشقازىنىم ئاغرىيتتى، ئۇنىڭ زىكىر ئاۋازىمۇ داۋاملىشىۋاتاتتى.

**ـ لا ئىلاھە ئىللا ئەنتە، سۇبھانەكە ئىننىي كۇنتۇ مىنەز ـ زالىمىين.**


بارلىق ئىسسىق ـ سوغۇق دېڭىزلەرنى ئايلىنىپ چىقتىم. بىر ئارالنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدىم. ئاغرىق خۇددى ئاشقازىنىمنى پارچىلاۋاتقاندەك ئىدى.

ھەر تەرەپتىن كەلگەن، ئېنىق بىرلا تەرەپتىن كەلمىگەن بىر ئاۋاز ئاڭلىدىم: «ئەگەر تەسبىھ ئېيتقۇچىلاردىن بولمىغان بولسا ئىدى، (ئىنسانلار) تىرىلدۈرۈلىدىغان كۈنگە قەدەر ئۇنىڭ (بېلىقنىڭ) ئاشقازىنىدا قالغان بولاتتى.»

## يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاشقازىنىمدىن سىرتقا چىقىشى

كېيىن ئۇلۇغ ئاللاھ يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنى قورسىقىمدىن سىرتقا چىقىرىشىمنى ئەمىر قىلدى. ئاغزىمنى ئاچتىم. سۈت چىشلىرىم ئاچچىق ۋە ئاغرىق تۈپەيلى بىر بىرىدىن ئۈزۈلاقلاشتى، ئىچىمدىكىنى چىقىرىشقا باشلىدىم.

ئۇنى بىر ساھىلغا چىقاردىم. ئاشقازىمدىكى يېپىشقاق ھەزىم قىلىش سويۇقلىقى سەۋەبىدىن يۇنۇس ئەلەيھىسسالام ئىچىمدىن ياردار ۋە يالىڭاچ ھالەتتە سىرتقا چىقتى...



كېيىن يۇنۇس ئەلەيھىسسالام بىر دەرەخنىڭ دالدىسىغا كېلىپ، ھەم قۇياشنىڭ ھارارىتىدىن ساقلىنىپ سايىدىدى، ھەمدە دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېدى. ساقايغاندىن كېيىن ئۆزىگە ئىمان ئېيتماقچى بولۇپ تۇرۇۋاتقان قەۋمىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەتتى...

# بۇران ـ چاپقۇندا ئوقۇلىدىغان دۇئالار

بۇران ـ چاپقۇن چىققاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ مۇنداق دەيتتى:



**اَللّٰهُمَّ اجْعَلْهَا رَحْمَةً وَلاَ تَجْعَلْهَا عَذَابًا ،**

**اَللّٰهُمَّ اجْعَلْهَا رِيَاحًا وَلاَ تَجْعَلْهَا رِيحًا**

**ئاللاھىم! بۇ شامالنى بىزگە رەھمەت سەۋەبى قىل، ئۇ ئارقىلىق بىزگە ئازاپ قىلما. ئاللاھىم! بۇنى بەرىكەتلىك شامال قىل، زىيانلىق بۇران قىلما.**

## يامغۇر ياغقاندا ئوقۇلىدىغان دۇئالار



پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يامغۇرنى كۆرگەندە:

**اَللّٰهُمَّ صَيِّبًا نَافِعًا**

ئاللاھىم، پايدىلىق مول يامغۇر بولسۇن. دەيتتى.

**ياغ ياغ يامغۇر،**
**ئېتىزدا چامغۇر،**
**بەر ئاللاھىم بەر،**
**مول مول يامغۇر.**

## يەر تەۋرىگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا

**اَللّٰهُمَّ احْفَظْنِي مِنْ بَيْنِ يَدَيَّ وَمِنْ خَلْفِي وَعَنْ يَمِينِي وَعَنْ شِمَالِي وَمِنْ فَوْقِي وَاَعُوذُ بِعَظَمَتِكَ اَنْ اُغْتَالَ مِنْ تَحْتِي**



ئاللاھىم! ئالدىمدىن، ئارقامدىن، ئوڭ تەرىپىمدىن، سول تەرىپىمدىن ۋە ئۈستۈمدىن كېلىدىغان خېيىم-خەتەردىن، ئاستى تەرەپتىن كېلىدىغان زىلزىلە (يەر تەۋرەش) قاتارلىق ئاپەتلەردىن ئازامەتىڭگە (ئۇلۇغ كۈچۈڭگە، بۈيۈكلۈكۈڭگە) سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن.

## بىر جەمىيەتتىن قورققان كىشىنىڭ ئوقۇيدىغان دۇئاسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ دۇئانى ئۆگەتكەن:

**اَللّٰهُمَّ اِنَّا نَجْعَلُكَ فِى نُحُورِهِمْ، وَنَعُوذُبِكَ مِنْ شُرُورِهِمْ**

ئاللاھىم! دۈشمەنلەرنىڭ ئەسكىلىكىنى دەپنە قىلىشىڭنى سەندىن تىلەيمىز ۋە يامانلىقىدىن ساڭا سېغىنىمىز.

## دۇشمەن بىلەن ئۇچراشقاندا ۋە يامان ئەھۋالدا ئوقۇلىدىغان دۇئالار

لَا اِلٰهَ اِلَّا اللّٰهُ الْعَظِيمُ الْحَلِيمُ، لَا اِلٰهَ اِلَّا اللّٰهُ رَبُّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ، لَا اِلٰهَ اِلَّا اللّٰهُ رَبُّ السَّمٰوَاتِ وَرَبُّ الْاَرْضِ وَرَبُّ الْعَرْشِ الْكَرِيمِ



ھەلىيم(گۇناھكارلارنى جازالاشتائالدىرىمايدىغان) بۈيۈك ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. بۈيۈك ئەرشنىڭ رەببى بولغان ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ يوقتۇر. ئاسمانلارنىڭ رەببى، زېمىننىڭ رەببى، ئەرشنىڭ مەرت (كېرىم) رەببىدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوقتۇر.

## قاراڭغۇدا، يالغۇزلۇقتا ۋە شەيتاندىن قورققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

حَسْبُنَا اللّٰهُ وَ نِعْمَ الْوَكِيلُ

ئاللاھ بىزگە يېتەر، ئۇ نېمىدىگەن گۈزەل ۋەكىل-ھە!

ئاللاھتائالا مۇنداق دېگەن: **«شەيتاندىن بىر ۋەسۋەسە سېنى غىدىقلىسا، ئاللاھقا سېغىنغىن. ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.»**

ئالدى بىلەن **«ئەئۇزۇبىللاھى مىنەششەيتانىرراجىيم»** دەپ، ئاندىن قۇرئاندىن قايسىسى ئاسان بولسا شۇنى، خالىغان بىر سۈرىنى ئوقىسا بولىدۇ. مەسىلەن: **ئايەتەل-كۇرسى، فەلەق ۋە ناس سۈرىسى** دېگەندەك. **ئەزان** ئوقۇشمۇ پايدىلىقتۇر.

## ھېكايە:

شەيتان بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا ئەزان ئوقۇش مۇۋاپىق. ئەبۇ سالىھنىڭ ئوغلى سۇھەيل بۇ ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى:

«دادام ئەبۇ سالىھ مېنى بىر يەرگە ئەۋەتتى، يېنىمدا بىر دوستۇم بار ئىدى. تامنىڭ ئارقىسىدىكى باغچىدىن بىرەيلەن دوستۇمنىڭ ئىسمىنى تولاپ چاقىردى. يېنىمدىكى دوستۇم قايرىلىپ تامنىڭ ئۈستىگە قارىدى، ھېچكىم يوق ئىدى. مەن قورقۇپ كەتكەن ئىدىم. قايتىپ كەلگەندە بۇ ئىشنى دادامغا سۆزلەپ بەردىم.

دادام: سېنىڭ بۇنداق ئىشقا يولۇقىدىغانلىقىڭنى بىلگەن بولسام، سېنى ئەۋەتمىگەن بولاتتىم. لېكىن سەن مۇشۇنداق بىر ئاۋاز ئاڭلىغاندا ياكى قورققاندا ئەزان ئوقۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشۇنداق قىلىشقا بۇيرىغانلىقى ھەققىدىكى بىر ھەدىسنى ئەبۇ ھۇرەيرەدىن ئاڭلىدىم:

**«ئەزان ئوقۇلغان ھامان شەيتان ئارقىسىغا قاراپ قاچىدۇ.»**

## قىيىن ئىشقا يولۇققاندا ياكى ئىمتىھاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

اَللّٰهُمَّ لاَ سَهْلَ اِلاَّمَا جَعَلْتَهُ سَهْلاً، وَاَنْتَ تَجْعَلُ الْحَزْنَ اِذَا شِئْتَ سَهْلاً

ئاللاھىم! سەن ئاسانلاشتۇرغان ئىشتىن باشقا ئاسان ئىش يوقتۇر. سەن خالىغان چاغدا قىيىن (تەس ۋە قاتتىق) ئىشنى ئاسان ۋە يۇمشاق قىلىسەن.

**باشقا بىر دۇئا**

رَبِّ اشْرَحْ لِي صَدْرِى وَيَسِّرْ لِى اَمْرِى وَاحْلُلْ عُقْدَةً مِنْ لِسَانِى يَفْقَهُوا قَوْلِى رَبِّ قَدْ آتَيْتَنِى مِنَ الْمُلْكِ وَعَلَّمْتَنِى مِنْ تَاْوِيلِ الْاَحَادِيثِ رَبِّ زِدْنِى عِلْمًا وَفَهْمًا وَالْحِقْنِى بِالصَّالِحِينَ



يا رەببى! مېنىڭ قەلبىمنى كەڭ قىلغىن، ئىشىمنى ئاسانلاشتۇرغىن. تىلىمدىكى كېكەچلىكنى كۆتۈرىۋەتكىن. ئۇلار مېنىڭ سۆزۈمنى چۈشەنسۇن.

يا رەببى! ماڭا مۈلكۈڭدىن بەر، ۋەقەلەرنىڭ ماھىيىتىنى ماڭا بىلدۈر.

يا رەببى! ئىلمىمنى زىيادە قىل ۋە مېنى ياخشى بەندىلىرىڭ قاتارىدا قىل!

## ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ قالغان ۋە چۈشىدە قورققان كىشى ئوقۇيدىغان دۇئا

ئاللاھتائالا مۇنداق بۇيرىغان:

**«شەيتان ساڭا ۋەسۋەسە سالسا، ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلە. ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلىغۇچى، بىلگۈچىدۇر.»**

ئاللاھ بىزگە ئەمر قىلغان ۋە ئەدەب سۈپىتىدە ئۆگەتكەن ئەڭ گۈزەل پاناھ تىلەش بۇ...

**ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىرراجىيم**، دېگىن ۋە سول تەرىپىڭگە ئۈچ قېتىم تۈكۈرگىن.

## كۆز تېگىش، سېھىر-ئەپسۇن ۋە زەھەرلىك ھاشارەتلەرگە قارشى ئوقۇلىدىغان دۇئالار

**كۆز تېگىشكە قارشى دۇئانى ئۆزى ئوقۇيدىغانلار مۇنداق دۇئا قىلىدۇ:**

اَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللهِ التَّامَّةِ مِنْ كُلِّ شَيْطَانٍ وَهَامَّةٍ وَمِنْ كُلِّ عَيْنٍ لاَمَّةٍ

هەر شەيتاندىن، هەر پالاكەتتىن ۋە زىيان سالىدىغان هەر كۆز تېگىشتىن ئاللاھنىڭ دەل كەلىمىسىگە (قۇرئانىغا) سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن.


پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەۋرىسى ھەسەن بىلەن ھۈسەيىننى مۇنداق دۇئا بىلەن مۇھاپىزەت قىلاتتى:

اَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللّٰهِ التَّامَّةِ مِنْ كُلِّ شَيْطَانٍ وَهَامَّةٍ وَمِنْ كُلِّ عَيْنٍ لاَمَّةٍ

ئىككىڭلارنى ھەر شەيتاندىن، ھەر پالاكەتتىن ۋە زىيان سالىدىغان ھەر كۆز تېگىشتىن ئاللاھنىڭ نەق (دەل) كەلىمىسىگە (قۇرئانىغا) سېغىندۇرىمەن.

كۆز تېگىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆگەتكەن يەنە بىر دۇئا

اَعُوذُ بِكَلِمَاتِ اللّٰهِ التَّامَّةِ مِنْ غَضَبِهِ وَشَرِّ عِبَادِهِ،
وَمِنْ هَمَزَاتِ الشَّيَاطِينِ، وَاَنْ يَحْضُرُونِ



ئاللاھنىڭ غەزىۋىدىن، بەندىلەرنىڭ شەررىدىن (ئەسكىلىكىدىن)، شەيتانلارنىڭ ئازدۇرۇشىدىن (ۋەسۋەسلىرىدىن) ئاللاھنىڭ دەل كەلىملىرىگە (قۇرئانىغا) سېغىنىمەن.

ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرى مۇنداق دەيدۇ: «فەلەق ۋە ناس سۈرىسى نازىل بولغانغا قەدەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىنلاردىن ۋە ئىنسانلارنىڭ كۆزى تېگىشىدىن ئاللاھقا سېغىناتتى. بۇ ئىككى سۈرە نازىل بولغاندىن كېيىن، بۇلارنى ئوقۇشقا باشلىدى ۋە باشقا پاناھ تىلەش تەدبىرلىرىنى ئىشلەتمىدى.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەر نەرسىگە كۆزى چۈشۈپ ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزۈپ قويۇشتىن قورققان كىشىنىڭ بۇ دۇئانى ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلغان:

اَللّٰهُمَّ بَارِكْ فِيهِ وَلاَ تَضُرَّهُ

ئاللاھىم! بۇنىڭغا بەرىكەت بەرگىن ۋە زىيان بەرمىگىن.

## كىشىنى خۇشال قىلىدىغان بىرەر نەرسىنى كۆرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا



پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئىنسان بىر نەرسىنى كۆرۈپ. ئۇنى ياقتۇرۇپ قالغاندا

**مَاشَاءَ اللّٰهُ لاَ قُوَّةَ الاَّ بِاللّٰهِ**

ئاللاھنىڭ خالىغىنى بولىدۇ، كۈچ-قۇۋۋەت پەقەت ئاللاھ بىلەندۇر، دېسە ئۇنىڭغا زىيىنى تەگمەيدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئۆزەڭلاردا ياكى مېلىڭلاردا سىلەرنى خوش قىلىدىغان بىرەر نەرسە كۆرگەن چېغىڭلاردا بەرىكەت تىلەڭلار (**بارەكەللاھ**: ئاللاھىم بۇنىڭغا بەرىكەت بەر، دەڭلار). چۈنكى كۆز تېگىش راستتۇر.

## ھېكايە:

پەيغەمبەرلەردىن بىرى بىر كۈنى قەۋمگە قارىدى، ئۇلار كۆزىگە كۆپ كۆرۈندى. بۇ ئەھۋال پەيغەمبەرگە ياراپ، ئۇنى خوش قىلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردىن يەتمىش كىشى دەرھال ئۆلۈپ قالدى. ئاللاھتائالا ئۇ پەيغەمبەرگە مۇنداق بىلدۈردى:

- ئۇلارغا سېنىڭ كۆزۈڭ تەگدى. ئەگەر ئۇلارغا كۆزۈڭ چۈشكەن چاغدا ئۇلارنى قوغدىغان بولساڭ (ئاللاھتىن ئۇلارغا بەرىكەت تىلەيمەن دېگەن بولساڭ)، ئۇلار ھالاك بولمايتتى.

پەيغەمبەر سورىدى:

- ئۇلارنى قانداق (نېمە بىلەن) قوغدىسام بولاتتى؟

ئاللاھ ئۇنىڭغا بۇنى بىلدۈردى:

**حَصَّنْتُكُمْ بِالْحَيِّ الْقَيُّومِ الَّذِى لاَ يَمُوتُ اَبَدًا، وَدَفَعْتُ عَنْكُمُ السُّوءَ بِلاَحَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ الاَّ بِاللّٰهِ الْعَلِيِّ الْعَظِيمِ**

ھېچقاچان ئۆلمەيدىغان، ھايات ئىگىسى بولۇپ ھەممىنى ئىدارە قىلغۇچى ئاللاھنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى بىلەن سىلەرنى ساقلايمەن. يامانلىقنىمۇ سىلەردىن «لا ھاۋلە ۋە لا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھىل-ئالىييىل-ئازىيم» بىلەن ئۇزاقلاشتۇرىمەن.

## ئىنسان ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ۋە ياخشى كۆرمەيدىغاننى كۆرگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا

ھەزرىتى ئائىشە مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بىر نەرسىلەرنى كۆرگەندە:

**اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ الَّذِى بِنِعْمَتِهِ تَتِمُّ الصَّالِحَاتُ**

ئاللاھقا ھەمدۇ-سانالار بولسۇنكى، ئۇنىڭ نېئمىتى بىلەن ياخشى ئىشلار تامام بولىدۇ» دەيتتى.

ياقتۇرمىغان بىر نەرسىنى كۆرگەندىمۇ:

## اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ عَلَى كُلِّ حَالٍ

ھەر قانداق ئەھۋالدا ئاللاھقا ھەمدۇ-سانالار بولسۇن، دەيتتى.

## بىر نەرسىدىن شۇملۇق ھىس قىلغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

شۇملۇق ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورالغان چاغدا ئۇ مۇنداق دېدى: ئەڭ ياخشىسى ئىشنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئويلاشتۇر. شۇملۇق ھەققىدىكى تۇيغۇ مۇسۇلمانلارنى ئىش قىلىشتىن چەكلەپ قويمىسۇن. شۇملىقى ھەققىدە تەبىر بېرىلگەن، سىلەر ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشنى كۆرگەن چېغىڭلاردا:

**اَللّٰهُمَّ لاَ يَاْتِى بِالْحَسَنَاتِ اِلاَّ اَنْتَ، وَلاَ يَذْهَبُ بِالسَّيِّئَاتِ اِلاَّ اَنْتَ، وَلاَ حَوْلَ وَلاَ قُوَّةَ اِلاَّ بِاللّٰهِ**

ئاللاھىم! ياخشىلىقلارنى پەقەت سەن ئېلىپ كېلىسەن. يامانلىقلارنىمۇ پەقەت سەن قوغلىۋېتىسەن. كۈچ-قۇۋۋەت پەقەت ئاللاھقىلا خاستۇر.

## بىرەر نەرسە سېتىۋالغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

**اَللّٰهُمَّ اِنِّى اَسْاَلُكَ خَيْرَهُ وَخَيْرَ مَا جُبِلَ عَلَيْهِ،**
**وَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرِّهِ وَشَرِّ مَا جُبِلَ عَلَيْهِ**



ئاللاھىم! مەن بۇنىڭ خەيرلىك بولغىنىنى (ياخشىسىنى) ۋە يارىتىلغان نەرسىنىڭ ياخشىسىنى سەندىن تىلەيمەن. بۇنىڭ شەررىدىن (يامانلىقىدىن) ۋە يارىتىلغان نەرسىنىڭ يامانلىقىدىنمۇ ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن.

## ئاچچىقى كەلگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا



«ئاچچىقلىنىش شەيتاندىن كېلىدۇ. شەيتان بولسا ئوتتىن يارىتىلغان. ئوتنى پەقەت سۇ بىلەنلا ئۆچۈرگىلى بولىدۇ. شۇڭا ئاچچىقلانغان ۋاقتىڭلاردا تاھارەت ئېلىڭلار.»

ئاچچىقلانغان ئىنسان ئۆرە تۇرغان بولسا، ئولتۇرسۇن. ئولتۇرغان بولسا ياتسۇن. تاھارەت ئالسۇن ياكى غۇسلى قىلسۇن. «ئەئۇزۇبىللاھى مىنەششەيتانىرراجىيم، بىسمىللاھىرراھمانىرراھىيم» دېيىش ئارقىلىق شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن ئاللاھقا سېغىنسۇن.

## ئەينەككە قارىغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەينەككە قارىغاندا مۇنداق دەيتتى:

**اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ، اَللّٰهُمَّ كَمَا حَسَّنْتَ خَلْقِى فَحَسِّنْ خُلُقِى وَحَرِّمْ وَجْهِي عَلَى النَّارِ**



ھەمدۇ-سانا ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھىم، مېنىڭ يارىتىلىشىمنى گۈزەل ياراتقانلىقىڭ كەبى ئەخلاقىمنىمۇ گۈزەل قىل. يۈزۈمنى جەھەننەم ئوتىدىن ساقلا.



1- ئەينەككە چاچ تاراش ۋە كىيىمنى ياراشتۇرۇپ كىيىش ئۈچۈن قارايمىز.

2- ئەيىپناق، سەت يەرلىرىمىز بار بولسا، ئوڭشايمىز.

## قۇلىقى قىزىغان كىشى ئوقۇيدىغان دۇئا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «قۇلىقى قىززىغان كىشى مېنى ئەسلىسۇن ۋە ماڭا دۇرۇت ئوقىسۇن **(ئاللاھۇممە سالىلى ئالا سەييىدىنا مۇھاممەد** دېسۇن). مېنى ئەسلىگەن كىشىگە ئاللاھ ياخشىلىق ئاتا قىلسۇن، دېسۇن.»

## يېڭى مېۋە كۆرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا


ئەبۇ ھۇرەيرە مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېڭى مېۋە كەلتۈرۈلگەن چاغدا ئۇنىڭغا ئوبدان قاراپ، پۈرىغاندىن كېيىن:

**اَللّٰهُمَّ كَمَا اَرَيْتَنَا اَوَّلَهُ فَاَرِنَا آخِرَهُ**



ئاللاھىم! بۇنىڭ دەسلەپتىكىسىنى بىزگە كۆرسەتكىنىڭدەك، ئاخىرقىسىنىمۇ بىزگە كۆرسەت.» دەپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن ئۇنى يېنىدىكى باللاردىن بىرىگە بېرەتتى. ھەتتا بولسا قىز باللارغا ئاۋۋال بېرەتتى.





## ئىپتار قىلغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىپتار قىلغاندا مۇنداق دەيتتى:

**اَللّٰهُمَّ لَكَ صُمْتُ وَعَلَى رِزْقِكَ اَفْطَرْتُ**

ئاللاھىم، سەن ئۈچۈن روزا تۇتتۇم ۋە سەن بەرگەن رىزىق بىلەن ئىپتار قىلدىم.

# سالام قىلىش، سالامنىڭ پەزىلىتى

بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سورىدى:

ـ قايسى ئىشنى قىلسام، كۆپ ساۋاپقا ئېرىشىمەن؟

ـ باشقىلارغا تاماق بەرسەڭ، تونۇيدىغان تونۇمايدىغان كىشىلەرگە سالام قىلساڭ كۆپ ساۋاپقا ئېرىشىسەن. ـ دەپ جاۋاب بەردى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام.

## كىملەرگە سالام قىلىمىز؟

1ـ تونۇيدىغان تونۇمايدىغان ھەممە كىشىگە سالام قىل.
2ـ ئۆيگە كىرگىنىڭدە ئۆيدە ھېچكىم بولمىسىمۇ سالام قىل.
3ـ كىچىكلەر چوڭلارغا، ئاتلىق (ۋەلىسپىت ياكى موتوسىكىلىت مىنگەن، ماشىنا ئىچىدە ئولتۇرغان) كىشى پىيادە كىشىگە، ئۆرە تۇرغان كىشى ئولتۇرغان كىشىگە سالام قىلىدۇ.
4ـ خوشلىشىدىغان چاغدا سالام قىلىنىدۇ.

سالام قىلغاندا مۇسۇلمانلىڭ مۇنداق دېيىشى ئەڭ ئەۋزەلدۇر:

**اَلسَّلَامُ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَةُ اللّٰهِ وَبَرَكَاتُهُ**

ئاللاھنىڭ سالامى (سالامەتلىك بېرىشى)، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى سىزگە بولسۇن.



سالامغا جاۋاب قايتۇرغۇچىمۇ مۇنداق دەيدۇ:

**وَعَلَيْكُمُ السَّلَامُ وَرَحْمَةُ اللّٰهِ وَبَرَكَاتُهُ**

سالام بېرىش سۈننەت، سالامنى ئىلىك ئېلىش پەرزدۇر.

## سالام بېرىش مۇۋاپىق بولمايدىغان يەرلەر

ـ بىركىشى چوڭ ـ كىچىك تەرەت قىلىۋاتقان ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان بولسا، ئۇنىڭغا سالام بېرىشكە بولمايدۇ.

ـ ئۇخلاۋاتقان ياكى مۈگدەۋاتقان كىشىگە،

ـ ناماز ئوقۇۋاتقان كىشىگە،

ـ ئەزان ئوقۇۋاتقان ياكى ناماز ئۈچۈن تەكبىر (قامەت) ئوقۇۋاتقان مۇئەززىنگە،

ـ تاماق يەۋاتقان كىشىگە،

ـ قۇرئان ئوقۇۋاتقان كىشىگە،

ـ ئىلىم مەجلىسىگە كىرگەندە (دەرسكە دىققەت قىلىۋاتقانلارنىڭ دىققىتىنى چاچماسلىق ئۈچۈن) سالام بېرىش مۇۋاپىق ئەمەس.

## مۇسۇلمان ئەمەسلەر بىلەن سالاملىشىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئەھلى كىتاب (يەھۇدى ياكى خرىستىيانلار) سىلەرگە سالام بەرسە، سىلەر: ۋە ئالەيكۇم، دەڭلار.»

ئارىسىدا بىر ياكى كۆپ مۇسۇلمانلار بار كاپىرلار جامائىتى بىلەن ئۇچراشقان چاغدا مۇسۇلمانلارنى ئويلاپ تۇرۇپ ئۇلارغا سالام بېرىش سۈننەتتۇر.

## بالىلار بىلەن سالاملىشىش

بالىلار بىلەن ئۇچراشقاندا ئۇلارغا سالام قىلىش سۈننەتتۇر.



پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئويناپ تۇرغان بالىلارنى كۆرۈپ، ئۇلارغا سالام قىلدى. پەيغەمبىرىمىز:

**«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! بالىلار»** دېدى.

«كىچىكلەر چوڭغا، مېڭىۋاتقان كىشى ئولتۇرغان كىشىگە، ئاز كىشى كۆپ كىشىگە سالام بېرىدۇ.»

## ئۆز ئۆيىگە سالام بېرىپ كىرىش

ئۆيىدە ھېچكىم بولمىسىمۇ كىشى ئۆيىگە كىرگەندە سالام قىلىش گۈزەلدۇر. ئۆيدە بىر كىم بولمىسا:

اَلسَّلاَمُ عَلَيْنَا وَعَلَى عِبَادِ اللّٰهِ الصَّالِحِينَ

**بىزگە ۋە ئاللاھنىڭ سالىھ (ياخشى) بەندىلىرىگە سالام بولسۇن.** دېيىش كېرەك.

## بىر يەردىن ئايرىلغاندا سالاملىشىش

بىر توپ كىشى ئارىسىدا ئولتۇرغان ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇلار بىلەن خوشلاشماقچى بولغاندا سالام قىلىشى كېرەك.

## قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش



قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندە خوشچىراي بولۇش، ئاللاھتىن مەغپىرەت (گۇناھلىرىنىڭ ئەپۇ قىلىنىشىنى) تىلەش ۋە باشقا دۇئا قىلىش كېرەك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ ئۈچۈن بىر-بىرىنى ياخشى كۆرگەن ئىككى بەندە بىر-بىرى بىلەن ئۇچراشقاندا قول ئېلىشىپ كۆرۈشسە، ئاندىن پەيغەمبەرگە دۇرۇت ئوقۇسا، ئۆتمۈش ۋە كەلگۈسىدىكى گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ.» دېگەن.

## چۈشكۈرگەن كىشىگە دۇئا قىلىش ۋە ئەسنەشنىڭ ھۆكمى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھتائالا چۈشكۈرگەننى ياخشى كۆرىدۇ، ئەسنىگەننى ياخشى كۆرمەيدۇ. سىلەردىن بىرەيلەن چۈشكۈرۈپ «ئەلھامدۇلىللاھ» دېسە، بۇنى ئاڭلىغان ھەر مۇسۇلماننىڭ «يەرھامۇكەللاھ» (ئاللاھ ساڭا مەرھەمەت قىلسۇن) دەپ دۇئا قىلىشى ئۇنىڭغا قەرز بولىدۇ.

ئەسنەش شەيتاندىندۇر. ئەسنەك كەلگەن ۋاقىتتا ئىلاجى بار ئەسنىمەڭلار (ئاغزىڭلارنى چىڭ يۇمۇۋېلىڭلار). چۈنكى سىلەردىن بىرەيلەن ئەسنىگەندە شەيتان ئۇنىڭغا قاراپ كۈلىدۇ.

ئەسنەك كەلگەندە قولۇڭ بىلەن ئاغزىڭنى ئېتىۋال ۋە:



ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىرراجىيم.

قوغلانغان شەيتاننىڭ شەررىدىن (ئەسكىلىكىدىن) ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن، دېگىن.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەردىن بىرەيلەن چۈشكۈرگەن چاغدا:

اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ

ئاللاھقا ھەمدۇ-سانالار بولسۇن، دېسۇن.



قېرىندىشى ياكى دوستى ئۇنىڭغا:

يَرْحَمُكَ اللّٰهُ

ئاللاھ ساڭا مەرھەمەت قىلسۇن، دېسۇن. قېرىندىشى ئۇنىڭغا يەرھامۇكەللاھ دېگەندە، چۈشكۈرگەن كىشى:

يَهْدِيكُمُ اللّٰهُ وَيُصْلِحُ بَالَكُمْ

ئاللاھ سىزنى ھىدايەت قىلسۇن ۋە ئەھۋالىڭىزنى ياخشىلىسۇن، دېسۇن.»

## بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلمان ئۈستىدىكى ھەققى

1- سالاملىشىش ۋە سالامنى ئىلىك ئېلىش،
2- خوشچىراي ئېچىش،
3- ئاغرىپ قالغاندا بېرىپ يوقلاش،
4- چۈشكۈرگەندە ئۆز-ئارا دۇئا قىلىش،
5- تەكلىپ قىلغان يەرگە بېرىش.
6- يوق چېغىدا ئامان-ئېسەنلىكىنى تىلەپ دۇئا قىلىش.

## يىغىلىشتىن تارقىغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«بىر مەجلىستىن تارقىغان جامائەت ئۇ مەجلىستە ئاللاھتائالانى ئەسلىمەي يىغىننى تۈگىتىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ تارقىلىپ كەتسە، بىر سېسىق يەردىن قوپقاندەك بولىدۇ، بۇنىڭغا كېيىن پۇشايمان قىلىدۇ.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يىغىندىن تارقىغاندا شۇ ئايەتلەرنى (ساففات سۈرىسى 182 ـ 180 ـ ئايەتلەرنى) ئوقۇيتتى:

سۇبھانە رابىكە رابىل ـ ئىززەتى ئامما يەسىفۇن ۋە سەلامۇن ئالەل ـ مۇرسەلىين ۋەلھامدۇ لىللاھى رابىل ـ ئالەمىين.

ئىززەت ئىگىسى بولغان پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارنىڭ سۈپەتلىگەنلىرىدىن پاكتۇر. پەيغەمبەرلەرگە سالام بولسۇن! جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ساھابىلىرى بىر ـ بىرى بىلەن خوشلاشقان چاغدا ئەسىر سۈرىسىنى ئوقۇپ خوشلىشاتتى.

وَالْعَصْرِ اِنَّ الْاِنسَانَ لَفِي خُسْرٍ اِلَّا الَّذِينَ آمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ

وَتَوَاصَوْا بِالْحَقِّ وَتَوَاصَوْا بِالصَّبْرِ

مەنىسى: ئەسىر (زامان) بىلەن قەسەمكى، ئىمان ئېيتقان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان، بىر ـ بىرىگە ھەقنى تەۋسىيە قىلىشقان، بىر ـ بىرىگە سەۋرنى تەۋسىيە قىلىشقان كىشىلەردىن باشقا ھەممە ئادەم چوقۇم زىيان ئىچىدىدۇر.

## تىلنى ساقلاش

ئاللاھتائالا مۇنداق دېگەن: «ئىنسان بىر سۆز سۆزلىگەندە شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ يېنىدا بىر پەرىشتە ئۇنى كۆزىتىپ تۇرىدۇ.»

«سېنىڭ رەببىڭ (بەندىلەرنىڭ ھەر ئىشنى كۆرۈپ) كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان كىشى ياخشى سۆز قىلسۇن ياكى جىم تۇرسۇن.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاغزى بىلەن تاناسىل ئەزاسىنى ھارامدىن ساقلىغان كىشىنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە كېپىللىك قىلىمەن، (ئۇ كىشى جەننەتلىك بولىدۇ).»

## ناچار ئەخلاقتىن ئاللاھقا سېغىنىش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دۇئا قىلاتتى:

**اَللّٰهُمَّ اِنِّى اَعُوذُبِكَ مِنَ الشِّقَاقِ وَالنِّفَاقِ وَسُوءِ الْاَخْلَاقِ**

ئاللاھىم! زىددىيەتلىشىپ دۈشمەنلىك قىلىشتىن، ئىككى يۈزلىمچىلىكتىن ۋە ناچار ئەخلاقتىن ساڭا سېغىنىمەن.

## دۇنيا ۋە ئاخىرەت سائادىتى تىلەش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ھەزرىتى ئاbbas مۇنداق دەيدۇ:

«ئى رەسۇلۇللاھ، ماڭا مەن ئاللاھتىن تىلەيدىغان بىر دۇئا ئۆگەتكىن. ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئاللاھتىن سالامەتلىك تىلىگىن. ـ دېدى. بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن مەن ئۇنىڭغا كېلىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ، ماڭا بىر دۇئا ئۆگەتكىن، ئاللاھتىن تىلەي. ـ دېدىم. شۇنىڭ بىلەن:

ـ ئەي ئاbbas، ئەي رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسى! ئاللاھتىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ساق-سالامەت، ئامان-ئېسەن قىلىشىنى تىلە. ـ دېدى.»

ئەبۇ ئۇمامە مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ناھايىتى كۆپ دۇئا قىلدى، ھېچقايسىسىنى يادلىۋالالمىدۇق. شۇنىڭ بىلەن مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ، شۇنداق كۆپ دۇئا قىلدىڭ. دۇئالىرىڭنى يادلىۋالالمىدۇق. ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ بۇ دۇئالارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىخچام دۇئانى دەپ بېرەيمۇ؟ مۇنداق دەڭلار. ـ دېدى.

**اَللّٰهُمَّ اِنِّى اَسْاَلُكَ مِنْ خَيْرٍ مَا سَاَلَكَ مِنْهُ نَبِيُّكَ مُحَمَّدٌ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَ نَعُوذُبِكَ مِنْ شَرِّمَا اسْتَعَاذَكَ مِنْهُ نَبِيُّكَ مُحَمَّدٌ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَاَنْتَ الْمُسْتَعَانُ وَعَلَيْكَ الْبَلَاغُ، وَلَاَ حَوْلَ وَلَاَ قُوَّةَ اِلَّا بِاللّٰهِ**

ئاللاھىم! سېنىڭ پەيغەمبىرىڭ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياخشىلىق سۈپىتىدە سەندىن نېمە تىلىگەن بولسا، مەنمۇ شۇنى تىلەيمەن. سېنىڭ پەيغەمبىرىڭ قايسى يامانلىقلاردىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلىگەن بولسا، بىزمۇ شۇنىڭدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. ياردەمنى سەندىن تىلەيمىز، تىلەكلىرىمىز ساڭا يېتىدۇ. ئاللاھتىن باشقا كۈچ-قۇۋۋەت ۋە قۇدرەت ئىگىسى يوقتۇر.

# تەۋبە ئىستىغفار دۇئالىرى

## سەت گەپ قىلىپ سالغان كىشى قىلىدىغان تەۋبە ۋە دۇئالار

ھارام گەپ قىلغان ياكى ھارام ئىشنى قىلىپ سالغان كىشى دەرھال تەۋبە قىلىشى كېرەك. تەۋبىنىڭ ئۈچ شەرتى بار:

1ـ قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلىپ، گۇناھتىن دەرھال قول ئۈزۈش

2ـ بۇ گۇناھ ئىشنى بۇندىن كېيىن قەتئىي قىلماسلىققا نىيەت قىلىش

3ـ قىلغان گۇناھ ئىشتا باشقىلارنىڭ ھەققىنى يەۋېلىش (قۇل ھەققى) بار بولسا، كىشىنىڭ ھەققىنى قايتۇرۇپ بېرىش ياكى بۇ ھەقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھەق ئىگىسىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش، ھالاللىق تەلەپ قىلىش كېرەك.

ئىنسان بىر گۇناھقا تەۋبە قىلىدىغان چاغدا بارلىق گۇناھلىرىغا تەۋبە قىلسا ياخشى بولىدۇ. ئەگەر يالغۇز بىر گۇناھقىلا تەۋبە قىلسا، بۇ تەۋبە مۇشۇ گۇناھىنىلا ئۆچۈرىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: مەن كۈندە يۈز قېتىم ئاللاھقا ئىستىغفار ئېيتىمەن. ئاللاھتىن مەغپىرەت (ئەپۇ) تىلەيمەن ۋە تەۋبە قىلىمەن.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆگەتكەن تەۋبە دۇئاسى

بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: «مەن گۇناھكار بولدۇم. ۋاي مېنىڭ ھالىمغا...» دېگەننى ئىككى ئۈچ قېتىم تەكرارلاپ ئاھ ئۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنداق دۇئا قىلغىن دەپ ئۆگەتتى:



اَللّٰهُمَّ مَغْفِرَتُكَ اَوْسَعُ مِنْ ذُنُوبِى،
وَرَحْمَتُكَ اَرْجَى عِنْدِى مِنْ عَمَلِى

ئاللاھىم! سېنىڭ مەغپىرىتىڭ مېنىڭ گۇناھلىرىمدىن نەچچە ھەسسە كەڭدۇر، رەھمىتىڭمۇ مېنىڭ نەزىرىمدە مەن قىلغان ئەمەلدىن نەچچە ھەسسە ئىشەنچلىكتۇر.

كىشى يۇقارقىلارنى ئېيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا بۇ دۇئانى تەكرار تەكرار ئېيت، دېدى. بۇ كىشى تەكرارلىدى. يەنە تەكرار ئېيت دېدى. يەنە تەكرارلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: بولدى، كەتسەڭ بولىدۇ. گۇناھلىرىڭ ئەپۇ قىلىندى. ـ دېدى.

## سەيدۇل ـ ئىستىغفار دۇئاسى (ئىستىغفارنىڭ چوڭى)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئىستىغفارلارنىڭ ئەڭ چوڭى بەندىنىڭ مۇنداق دېيىشىدۇر:

اَللّٰهُمَّ اَنْتَ رَبِّى لاَ اِلٰهَ اِلاَّ اَنْتَ خَلَقْتَنِى وَاَنَا عَبْدُكَ، وَاَنَا عَلَى عَهْدِكَ وَوَعْدِكَ مَا اسْتَطَعْتُ، اَعُوذُبِكَ مِنْ شَرِّمَا صَنَعْتُ، اَبُوءُلَكَ بِنِعْمَتِكَ عَلَيَّ وَاَبُوءُ بِذَنْبِى، فَاغْفِرْلِى فَاِنَّهُ لاَ يَغْفِرُ الذُّنُوبَ اِلاَّاَنْتَ

ئاللاھىم! سەن رەببىمسەن، سەندىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر. سەن مېنى ياراتتىڭ، مەن سېنىڭ بەندەڭمەن. ساڭا بەرگەن (تەۋھىدتىن ئىبارەت) سۆز ۋە ۋەدەمدە كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە تۇرىمەن. قىلغان ئىشلىرىمنىڭ يامانلىقىدىن ساڭا سېغىنىمەن. ماڭا بەرگەن نېمەتلىرىڭنى ئېتىراپ قىلىمەن. گۇناھلىرىمنىمۇ ئېتىراپ قىلىمەن. مېنى ئەپۇ قىل. چۈنكى سەندىن باشقا ھېچكىم گۇناھلارنى ئەپۇ قىلالمايدۇ. پەقەت سەنلا ئەپۇ قىلىسەن.

كىم بۇ دۇئانى قەتئىي ئىشەنگەن ھالدا كۈندۈزى ئوقۇپ، شۇ كۈنى ئاخشىمى ئۆلسە، ئۇ كىشى جەننەت ئەھلى بولىدۇ. كىم بۇلارغا قەتئىي ئىشەنگەن ھالدا، ئاخشىمى بۇ دۇئانى ئوقۇپ، كۈندۈزى ئۆلسە شۇ كىشى جەننەت ئەھلى بولىدۇ.

ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دېگەن: «بىز مەجلىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈز قېتىم:

رَبِّ اغْفِرْلِى وَتُبَ عَلَيَّ اِنَّكَ اَنْتَ التَّوَّابُ الرَّحِيمُ

رەببىم، مېنى مەغپىرەت قىل، تۆۋبەمنى قوبۇل قىل. سەن تۆۋبىلەرنى ناھايىتى كۆپ قوبۇل قىلغۇچى مەرھەمەت ئىگىسىسەن، دېگەنلىكىنى ساناپ ئولتۇراتتۇق.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «داۋاملىق ئىستىغفار ئېيتقان كىشىگە ئاللاھ قىيىنچىلىقتا ئاسانلىق، غەم ـ قايغۇدا راھەتلىك ۋە ئويلىمىغان يەردىن رىزىق ئېھسان قىلىدۇ.»

## ئاللاھنىڭ ئەپۇ قىلىشىدىن ئۈمىد ئۈزمەسلىك

ھەزرىتى ئەنەس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم دەيدۇ:

«ئاللاھتائالا ئېيتتىكى، ئەي ئىنسان بالىسى! سەن ماڭا دۇئا قىلساڭ ۋە مەندىن ئۈمىد كۈتسەڭ، مەنمۇ سېنىڭ گۇناھلىرىڭنى ئەپۇ قىلىمەن. گۇناھلىرىڭ بۇلۇتلارغا تاقاشقۇدەك چوڭ بولسىمۇ، كەچۈرۈم قىلىشىمغا توسقۇن بولالمايدۇ. ئاندىن مەندىن مەغپىرەت تىلىسەڭ،

سىنى مەغپىرەت قىلىمەن. كۆپ گۇناھ قىلساڭ، لېكىن ماڭا ھېچقانداق شېرىك كەلتۈرمەي (كاپىر بېتى ئەمەس) ئۆلۈپ ماڭا كەلسەڭ، مەن يەنە سىنى ئەپۇ قىلىمەن.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

اَسْتَغْفِرُ اللّٰهَ الَّذِى لاَ اِلٰهَ اِلاَّ هُوَ الْحَيُّ الْقَيُّومُ وَاَتُوبُ اِلَيْهِ

**ھايات ساھىبى، ھەممىنى ئىدارە قىلغۇچى، ئۆزىدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ مەۋجۇد بولمىغان ئاللاھتىن كەچۈرۈم تىلەيمەن،** دېگەن كىشىنىڭ گۇناھلىرى ئەپۇ قىلىنىدۇ.

گۇناھتىن قول ئۈزمەي تۇرۇپ ئىستىغفار ئېيتىش يالغانچىلارنىڭ تۆۋبىسىدۇر. گۇناھتىن پۈتۈنلەي قول ئۈزۈپ تۆۋبە قىلىش كېرەك.

## تەشرىق تەكبىرلىرى

قۇربان ھېيتتا ئارايە (ھارپا) كۈنى بامدات نامىزىدىن باشلاپ ھېيتنىڭ 4ـ كۈنى ئەسىر نامىزىغىچە بولغان ئارىلىقتا پەرز نامازلاردىن كېيىن تەكبىر ئېيتىلىدۇ. بۇ تەكبىرلەر تەشرىق تەكبىرلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. يەنى ھەر ۋاخ نامازنىڭ پەرزىنى ئوقۇغاندىن كېيىن سالام بېرىپلا:

**ئاللاھۇ ئەكبەر ئاللاھۇ ئەكبەر، لا ئىلاھە ئىللاللاھۇ ۋاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر ۋە لىللاھىل ھامد.**

**ئاللاھ بۈيۈكتۇر، ئاللاھ بۈيۈكتۇر، ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىنىدىغان ئىلاھ يوقتۇر. ئاللاھ بۈيۈكتۇر، ئاللاھ بۈيۈكتۇر، ھەمدۇسانا (ماختاش، مەدھىيە) ئۇنىڭغا خاستۇر،** دېيىلىدۇ.

## قۇربانلىق قىلغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

قۇربان ھېيتتا ئىسلام دىنىدا باي ھېساپلانغان مۇسۇلمانلارنىڭ قۇربانلىق قىلىشى ۋاجىپتۇر. قۇربانلىقنى ھېيتنىڭ ئۈچ كۈنىدە قىلسا بولىدۇ.

قۇربانلىق قىلىشقا بولىدىغان ھايۋانلار: تۆگە، كالا، سۇ كالىسى، قوي، ئۆچكە. بەش ياشلىق تۆگە، ئىككى ياشلىق كالا، بىر ياشلىق قوي ۋە ئۆچكە ياكى ئۇبدان يوغىنىغان ئالتە ئايلىق قوي ۋە ئۆچكىنى قۇربانلىق قىلىشقا بولىدۇ. توخۇ، خورازنى قۇربانلىق قىلغىلى بولمايدۇ.

توغرىسى قۇربانلىق مالنىڭ گۆشىنى ئۈچ ئۈلۈشكە ئايرىپ، بىر ئۈلۈشىنى ئۆيدە بالا ـ ۋاقىلار بىلەن يېيىش، بىر ئۈلۈشىنى خوشنىلارغا تارقىتىش، بىر ئۈلۈشىنى پېقىر ـ يوقسۇللارغا سەدىقە قىلىپ تارقىتىپ بېرىشتۇر.

قۇربانلىق مال قىبلىگە قارىتىلىپ ياتقۇزۇلىدۇ:

**«بىسمىللاھى ئاللاھۇ ئەكبەر»** دەپ بوغۇزلىنىدۇ. بولسا مالنى ئىگىسى بوغۇزلايدۇ. ئەگەر بوغۇزلاشنى بىلمىسە، بىلىدىغان بىرى بوغۇزلايدۇ، ئەمما ئىگىسى ئىمكان بار بېشىدا قاراپ تۇرىدۇ.

## ھېكايە: ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇربانلىق قىلىنىشى



ئىسمائىل ئەمدىلا يەتتە-سەككىز ياشلارغا كىرگەن ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىر كېچە چۈشىدە مۇنداق بىر ئاۋاز ئاڭلىدى:

- ئاللاھ سەندىن ئوغلۇڭ ئىسمائىلنى قۇربانلىق قىلىشىڭنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ چۈش كەينى-كەينىدىن بىر قانچە قېتىم تەكرارلاندى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇنىڭ ئاللاھنىڭ ئەمرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يىللاردىن بېرى بالا ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ئىدى. ھەجەر ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى تۇغدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىسمائىلنى بەكلا ياخشى كۆردى. ناھايىتى مېھرىبان بولىشىغا قارىماستىن، ئۇلارنى قاقاس مەككىگە تاشلاپ قويغان ئىدى.

ئوغلىنى ئويلىدى. ئوغلى كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى. ئىچىدە جىمجىت بىر پارتلاش بىلەن تەڭ تىمتاس بىر ئاتەش لاۋۇلداشقا باشلىدى! نەمرۇد ياققان ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئۇنىڭغا تاشلىغان ئوت ھازىر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ تېنىدا ئەمەس ئىچىدە يالقۇنلاپ كۆيىۋاتاتتى. بۇ ئاتەش ئۆچمىدى، ئۆچۈرگىلىمۇ بولمايتتى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىچىنى داغلاۋاتقان بۇ ئاتەش نەمرۇدنىڭ ئوتىدەك سالقىن ۋە سوغۇق ئەمەس ئىدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يىغلاشقا باشلىدى.

«يا رەببى! بۇنى قانداقمۇ قىلالايمەن؟ ئوغلۇمنى قانداقمۇ ئۆلتۈرەلەيمەن؟!» دەپ يىغلىدى. ئەلۋەتتە، ھەر بىر جانلىق مەۋجۇدات كەبى ئىسمائىلمۇ، سۆيۈملۈك ئوغلى ئىسمائىلمۇ بىر كۈنى ئۆلۈپ كېتەتتى. بۇنىڭغا چىدايتتى، چىدىيالايتتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام. بىراق بۇ ئىش ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلدى. بۇنى ئورۇنداشقا قانداقمۇ قولى بارسۇن؟ سۆيۈملۈك ئوغلىنى قانداقمۇ بوغۇزلىيالىسۇن؟!

بۇ دەرت بىلەن كۈنلەر ۋە ھەپتىلەرنى ئۆتكۈزگەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىر چىقىش يولى ئىزدەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۆزىگە ماۋۇ چاغدا قىل دەپ ئېنىق بىر ۋاقىت بەلگىلەپ بېرىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، كۈنلەر ئۆتكەنسىرى ئىچىدىكى خۇددى خېمىرتۇرۇچ قويغان خېمىردەك ئۆرلەپ كۆپىيىۋاتقان دەردى بىلەن بىرلىكتە ئىسمائىلنىڭ بىر ئاز چوڭ بولىشىنى كۈتتى. چۈنكى ئىچىدىكى دەردى قانچىلىك كۆپ بولسا بولسۇن، كۈن ئۆتكەنسىرى كۆڭلىدە بىر ئۈمىدىمۇ بار ئىدى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ. ئاخىردا بۇ ئۈمىدىنىڭ رىئاللىققا ئايلىنىشى ئۈچۈن ئىسمائىلنىڭ بىر ئاز چوڭ بولىشىنى، مېڭىپ، يۈگۈرەلىگۈدەك بولىشىنى كۈتمەكتە ئىدى.

- ئەمدى مەن بۇ ئەمرنى ئىجرا قىلىشىم كېرەك! - دېدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەجەر ۋە ئوغلى ئىسمائىلغا چۈشىنى ئېيتتى.

شەيتانمۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا، ھەجەرگە ۋە ئىسمائىلغا باشقا باشقا سىياقتا كۆرۈنۈپ، بۇ ئەمرنى ئورۇنلاشتىن ۋاز كەچتۈرمەكچى بولدى. بىراق بۇ ئۈچەيلەن ھەممىسى شەيتانغا تاش ئاتتى. (بۈگۈن مەككىگە بارغان ھاجىلارمۇ شەيتان كۆرۈنگەن يەرلەردە سىمۋوللۇق ھالدا تىكلەپ قويۇلغان ئۈچ تۈۋرۈككە تاش ئاتىدۇ.)

ئوغلى چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا يۈگرەپ ماڭالىغۇدەك بولغان چاغدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

- ئوغلۇم! مەن ھەقىقەتەن سېنى بوغۇزلاپ چۈش كۆردۈم. ئويلاپ باق، سېنىڭ قانداق پىكرىڭ بار؟ - دېدى.

بۇنداق دېيىش ئارقىلىق ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىسمائىلغا تاللاش ھەققى بەرگەن ئىدى. «ئوغلۇم، مەن سېنى بوغۇزلاشقا ئەمر قىلىندىم. ئەمما سەن بوغۇزلىنىشقا ئەمر قىلىنمىدىڭ! ئۆزەڭ تاللا!» دەۋاتاتتى. باغرى يۇمشاق ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىسمائىلنىڭ بۇنى ئاڭلاپ ئۆزىدىن يىراققا قېچىپ كېتىشىنى، ئۇزاقلىشىشىنى ئۈمىد

قىلاتتى. چۈنكى بۇ ئەھۋالدا ئۆزىنى بوغۇزلاتمىغانلىقى ئۈچۈن ئىسمائىل، ئىسمائىلنى بوغۇزلىيالمىغانلىقى ئۈچۈن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سوراققا تارتىلمايتتى.

لېكىن ئۇنداق بولمىدى.

كۆز ئالدىدىكى بالا ئىسمائىل ئادەتتىكى بىر بالا ئەمەس ئىدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ياراشقان بىر بالا، بىر ئىسمائىل ئىدى. ئىسمائىل قۇلىقى يۇمشاق، ئىتائەتچان بالا ئىدى. ئاللاھنىڭ ئەمرلىرىگە قاتتىق بويسۇناتتى. شۇڭا قىلچە ئىككىلەنمەي، دەرھال دادىسىغا مۇنداق دېدى:

ــ جېنىم دادا! ساڭا ئەمر قىلىنغان ئىشنى بىجا كەلتۈر. ئىنشائاللاھ، مېنىڭ سەۋر قىلغانلىقىمنى كۆرىسەن.

ھەيھات!

ئەمدى دېگۈدەك گەپ قالمىغان، بارلىق چىقىش يوللىرى ئېتىلگەن ئىدى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن. ئىسمائىلنىڭ بۇ گۈزەل جاۋابىنى ئاڭلاپ تاڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. «جېنىم دادا!» دېيىش ئارقىلىق سۆيگۈ-مۇھەببىتىنى، «ئەمر قىلىنغان ئىشنى بىجا كەلتۈر!» دېيىش ئارقىلىق ھۆرمىتىنى، «ئىنشائاللاھ» دېيىش بىلەن تەۋەككۇلىنى، «مېنىڭ سەۋر قىلغانلىقىمنى كۆرىسەن» دېيىش ئارقىلىق ئاللاھقا تەسلىمىيىتىنى ئىپادىلىگەن ئوغلىغا قاراپ قېتىپ قالدى. كۆڭلى يېرىم بولسۇنمۇ؟ ياكى مۇشۇنداق بىر ياخشى، سالىھ بالىسى بولغانلىقى ئۈچۈن پەخىرلىنىشى كېرەكمۇ؟ بىلەلمىدى. بىجا كەلتۈرۈشكە تېگىشلىك ئىشنى قىلىشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى ئەمدى.

شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلىنى بىر تاغنىڭ چوققىسىغا ئېلىپ چىقتى. بىسى ئۆتكۈر پىچاقنى كۆرمىسۇن دەپ كۆزىنى تاڭدى. پېشانىسىنى بىر تاشنىڭ ئۈستىگە قويدى.

ئاخىرى ئىككىسى (ئاللاھنىڭ ئەمرى ۋە تەقدىرىگە) تەسلىم بولۇپ، (ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىسمائىلنى قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن)، پېشانىسىنى يەرگە قويۇپ ياتقۇزدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

ــ ئەي رەببىم! سەن ئەمر قىلغان ئىشنى بىجا كەلتۈرىۋاتىمەن. ــ دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تىترىگەن قولىدا تۇتقان پىچاقنى پېشانىسىنى يەرگە قويۇپ، يۈز-كۆزىنى كۆرسەتمەي ياتقان سۆيۈملۈك ئوغلىنىڭ بوينىغا تەگكۈزدى.

ھېچقانداق نەرسىنى ئويلىماسلىق ۋە ھېس قىلماسلىقنى خالايتتى. «بۇ ئىش تۈگىسۇن، تۈگىسۇن» دېگەن تۇيغۇ بىلەن «بىسمىللاھى ئاللاھۇ ئەكبەر!» دەپ پىچاقنى ئىسمائىلنىڭ بوينىغا سۈردى.

لېكىن ھەيران قالغۇدەك بىر ۋەقە يۈز بەردى. بىسى ئۆتكۈر پىچاق كەسمەيۋاتاتتى. نەمرۇت تەرىپىدىن ئوتقا تاشلانغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئوت كۆيدۈرمىگەن ئىدى. ئەمدىلىكتە ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن پىچاق ئىسمائىلنى كەسمەيۋاتاتتى.

دەل مۇشۇ پەيتتە، پىچاق تەنگە تەككەن چاغدا رەھمەت ئىشىكلىرى ئېچىلىپ، راھمان (دۇنيادىكى بارلىق مەخلۇقاتقا مەرھەمەت قىلغۇچى)نىڭ ئاۋازى ئاڭلانغان ئىدى:

«بىز ئۇنىڭغا: ئەي ئىبراھىم! دەپ خىتاب قىلدۇق. سەن ھەقىقەتەن چۈشۈڭدە كۆرگەننى ئەمەلگە ئاشۇردۇڭ. شۈبھىسىزكى، ئېھسان قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز.»

تۇيۇقسىز بىر پەرىشتە بىر قوچقار بىلەن كۆرۈنۈپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا:

ــ بۇ قوچقارنى قۇربانلىق قىلغىن. ئىسمائىلنىڭ ياشىشى ئۈچۈن ئاللاھ ساڭا بۇنى بېغىشلىدى. ــ دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام راھەتلىدى. دېمىسىمۇ بەكلا مېھرىبان ۋە باغرى يۇمشاق ئادەم ئىدى. قوچقارنى قۇربانلىق قىلدى. ئوغلىنى ئۆزىگە بېغىشلىغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھقا شۈكۈر قىلىپ دۇئا قىلدى.

مانا مۇشۇ كۈندىن باشلاپ، ئاللاھنىڭ ئىسمائىلنى قۇتقۇزغانلىقىغا شۈكۈر قىلىش ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىپ، گۆشىنى پېقىرلارغا تارقىتىپ كېلىۋاتىمىز.

# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىمارلار ئۈچۈن ئوقىغان شىپا دۇئالىرى



## كېسەل كىشىنى يوقلاش ئەدەبى

1- كېسەلنى يوقلىغاندا كۆپ كىشى بىراقلا كىرسە بولمايدۇ.

2- يوقلىغىلى بارغاندا زىيارەت قىسقا بولسۇن.

3- كېسەل كىشىگە يېمەكلىك سوغات قىلىشنىڭ ئورنىغا گۈل ياكى كىتاب قاتارلىق نەرسىلەر سوۋغا قىلىنسا ياخشى.

4- كېسەلنىڭ تېزرەك ساقىيىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىنىدۇ.

5- ئاغرىق كىشىنىڭ يېنىدا ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلسا بولمايدۇ.

6- بالىنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن كېسەل يوقلىغاندا بالىلارنى بىللە ئېلىپ بارماسلىق كېرەك.

ھەزرىتى ئائىشە مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېتىش ئالدىدا ئىككى ئالقىنىنى ئېچىپ جۈپلەپ، ئىخلاس، فەلەق ۋە ناس سۈرىلىرىنى ئوقۇپ ئالقىنىغا سۈف دەپ، قولى بىلەن بېشىدىن باشلاپ ئايىغىغىچە پۈتۈن بەدىنىنى ئۈچ قېتىم سىلايتتى.»

ھەزرىتى ئائىشە مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوڭ قولى بىلەن بىمارنى سىلاپ تۇرۇپ ئاللاھقا مۇنداق دەپ دۇئا قىلاتتى:

**اَللّٰهُمَّ رَبَّ النَّاسِ اَذْهَبِ الْبَاْسَ، اِشْفِ اَنْتَ الشَّافِى،**


**لاَ شِفَاءَ اِلاَّ شِفَاؤُكَ شِفَاءً لاَ يُغَادِرُ سَقَمًا**

ئەي ئىنسانلارنىڭ رەببى! بۇ كېسەلنى ساقايتقىن، شىپا بەرگىن. سەن شىپا بەرگۈچىسەن. سېنىڭ شىپايىڭدىن باشقا شىپا يوقتۇر. شۇنداق بىر شىپا بەرگىنكى، كېسەللىك پەقەتلا قالمىسۇن.

## بەدەندىكى ئاغرىقلارغا قارشى ئوقۇلىدىغان شىپا دۇئالىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئاغرىغان يېرىڭنى قولۇڭدا تۇتۇپ مۇنداق دە: «بىسمىللاھ» (ئۈچ قېتىم)، يەتتە قېتىم:



**اَعُوذُ بِعِزَّةِ اللهِ وَقُدْرَتِهِ مِنْ شَرِّمَا اَجِدُ وَاُحَاذِرُ**

ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن (باشلاپ)، مەن قورققان ۋە ھېس قىلغان نەرسىنىڭ شەررىدىن ئاللاھنىڭ ئىززەت ۋە قۇدرىتىگە سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«تېخى ئەجىلى كەلمىگەن بىر بىمارنى يوقلاپ، بۇ دۇئانى يەتتە قېتىم ئوقۇساڭلار، ئاللاھتائالا ئۇ بىمارنى ساقايتىدۇ:

**اَسْاَلُ اللّٰهَ الْعَظِيمَ رَبَّ الْعَرْشِ الْعَظِيمِ اَنْ يَشْفِيَكَ**



بۈيۈك ئەرشنىڭ راببى ئۇلۇغ ئاللاھتىن تىلەيمەنكى، ساڭا شىپا بەرسۇن.»

## باش ئاغرىقى، قىزىتما ۋە باشقا ئاغرىقلارغا قارشى ئوقۇلىدىغان دۇئا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بارلىق ئاغرىقلار ۋە قىزىتما ئۆرلەپ قالغان كېسەللىكلەردە مۇنداق دېيىشنى ئۆگەتكەن:

**بِسْمِ اللّٰهِ الْكَبِيرِ، نَعُوذُ بِاللّٰهِ الْعَظِيمِ مِنْ شَرِّ عِرْقٍ نَعَّارٍ، وَمِنْ شَرِّ حَرِّ النَّارِ**



ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن، قان چۈشكەن تومۇرنىڭ شەررىدىن ۋە قىزىتمىنىڭ ھارارىتىدىن ئۇلۇغ ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز.

## سالامەتلىكىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن كىشى ئوقۇيدىغان دۇئا

بىمار قەلبى ھەم تىلى بىلەن ئاللاھقا شۈكۈر قىلىشى، ھاياتىنىڭ ئاخىرقى پەيتلىرىنى ياشاۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ، ئاخىرقى ۋاقتىنى ياخشى تاماملاشقا غەيرەت قىلىشى، ئۆتنە، قەرز ئالغان نەرسىلەرنى قايتۇرۇپ بېرىشى، ھەق ئىگىلىرى، يولدىشى، ئاتا-ئانىسى، بالا-چاقىسى، خىزمەتچىلىرى، قولۇم-قوشنىلىرى، دوست-يارەنلىرى، خىزمەتداشلىرى ۋە تونۇش بىلىشلىرى بىلەن رازىلىششى كېرەك.

ئىنسان سەكراتقا چۈشۈشتىن ئىلگىرى **«لا ئىلاھە ئىللاللاھ»** سۆزىنى كۆچىنىڭ يېتىشىچە كۆپ سۆزلىسۇنكى، بۇ ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۆزى بولۇپ قالغۇسى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئاخىرقى نەپەسدە **«لا ئىلاھە ئىللاللاھ»** ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق دېگەن جۈملىنى سۆزلىگەن كىشى جەننەتكە كىرىدۇ.»

## هېكايە: ئاخىرەتكە سەپەر

ئانا ئىككى بالىسىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتقان پېتى، ئۇلارنى چوڭ دادىسى ياتقان ئۆيگە ئېلىپ كىردى. بوۋاي سەكراتتا ئىدى، توختىماستىن دۇئا قىلاتتى. باللار چوڭ دادىسىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ دەسلەپ بىر ئاز چۆچۈپ قورقتى. لېكىن ئانىسى:

ـ قورقماڭلار بالىلىرىم. بوۋاڭلار ھازىر باشقا بىر دۇنياغا كېتىۋاتىدۇ. ئۇ ھازىرغا قەدەر ھېچكىمگە ئەسكىلىك قىلىپ باقمىدى. ھەممە كىشىگە ياخشىلىق قىلاتتى. توغرا دورۇستلۇقتىن ئايرىلمىدى. ھاياتى بويىچە ھەمىشە ئاللاھنى ئەسلىدى. قاراڭلار، ھازىر ئۇ بۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرۈۋاتىدۇ. يۈزىنىڭ گۈزەللىكىنى، تىلىدا دۇئا ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىسىلەر. ھاياتىڭلار بويىچە سىلەرمۇ ياخشىلىق قىلساڭلار ۋە دۇئا قىلساڭلار، بوۋاڭلارغا ئوخشاش گۈزەل بولىسىلەر. قانداق ياشىساڭلار، شۇنداق ئۆلىسىلەر، قانداق ئۆلسەڭلار شۇنداق تىرىلىسىلەر. ـ دېدى.

باللار ئانىسىنىڭ سۆزىنى زەڭ قويۇپ ئاڭلىدى. ئەمدى ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان بولغان ئىدى. دەرھال بوۋىسىنىڭ قوللىرىنى تۇتۇشتى.

بوۋاي نەۋرىلىرىنىڭ قولىنى تۇتۇپ، بەختىيار بىر تەبەسسۇم ئىلكىدە «لا ئىلاھە ئىللاللاھ، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» دەپ كۆزلىرىنى يۇمدى.

بۇ ئىش باللارنىڭ ئېسىدىن پەقەت چىقمىدى. ئۆمرى بويىچە ياخشى ئادەم بولۇش ئۈچۈن تىرىشتى...

## مېيىتنىڭ كۆزىنى يۇمدۇرغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا

مېيىتنىڭ كۆزىنى يۇمدۇرۇپ قويغان چېغىڭدا بۇ دۇئانى ئوقۇ:

**بِسْمِ اللّٰهِ، وَعَلَى مِلَّةِ رَسُولِ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ**

ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن، رەسۇلۇللاھنىڭ دىنى بىلەن بىللە بولغىن.

جىنازىنى كۆتۈرگىنىڭدە «بىسمىللاھ» دە. ئاندىن ئۇنى كۆتىرىپ ماڭغىنىڭدا تەسبىھ ئوقۇ، سۇبھانالللاھ دېگىن.

## مېيىت ئىگىلىرى ئوقۇيدىغان دۇئا



پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغاندا مۇنداق دەڭلار:

**اِنَّالِلّٰهِ وَاِنَّا اِلَيْهِ رَاجِعُونَ**

بىز ئاللاھنىڭ بەندىسى، ئاقىۋەت قايتىدىغان يەر ئۇنىڭ دەرگاھىدۇر.

## مېيىت نامىزىدا پەرياد قىلىپ يىغلاش ۋە جاھىلىيەت ئادىتى بويىچە دۇئا قىلىش ھارامدۇر.

مېيىتنى ئۇزاتقان چاغدا ئۈزىنىڭ چىچىنى يۇلۇپ يىغلاش، بېشىنى تامغا ئۇستۇرۇپ يىغلاش، كىيىمىنى يىرتىپ يىغلاش ۋە ۋاقىراپ-چىقىراپ يىغلاش ئىسلامغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بىر قىلمىش بولۇپ، ھارامدۇر.

## تەزىيەگە بېرىش (سەۋر تىلەش)

تەزىيە ــــ مېيىت ئىگىسىگە تەسەللى بېرىدىغان سۆزلەرنى سۆزلەش ۋە ئۇنىڭغا سەۋر تىلەش دېگەنلىكتۇر. بۇ ئۇلارنىڭ قايغۇسىنى يېنىكلىتىدۇ.

تەزىيە مېيىت دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن ۋە مېيىتنى دەپنە قىلىشتىن ئىلگىرى مۇۋاپىقتۇر. ئالىملىرىمىز ئېيتقانكى، تەزىيەنىڭ ۋاقتى كىشىنىڭ جان ئۈزگەن ۋاقتىدىن باشلىنىپ، مازارلىققا كۆمۈلگەندىن كېيىنكى ئۈچ كۈنگىچە بولغان ئارىلىقتا بولىدۇ. بۇ يەردىكى ئۈچ كۈن دېگەن سۆز تەخمىنەن دېيىلگەن سۆز بولۇپ، چوقۇم مۇشۇنداق بولىدۇ دەپ كېسىپ ئېيتىلغان مۇددەت ئەمەس.


## ئەڭ ياخشى تەزىيە سۆزلىرى

ئاللاھ ساۋابىنى كۆپەيتسۇن، سەۋر-تاقەت بەرسۇن، ئۆلگۈچىنىڭ گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلسۇن، ماكانى جەننەت بولسۇن!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ۋاپات بولغان كىشىنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىڭلار، يامان گېپىنى قىلىپ سېلىشتىن يىراق تۇرۇڭلار.»

## جىنازىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭغانلار ئوقۇيدىغان دۇئا



جىنازىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭغان كىشى ئاللاھتائالانى زىكىر قىلسا، ئۆلۈمنىڭ بىر كۈنى ئۈزىنىڭ بېشىغىمۇ كېلىدىغانلىقىنى ئويلىسا ۋە بۇ دۇنيادىن ھامىنى بىر كۈنى كۆچۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلىسا ياخشى بولىدۇ. پايدىسىز گەپ-سۆزدىن قەتئىي يىراق تۇرۇش كېرەك. چۈنكى بۇ پەيت زىكىر پەيتىدۇر. بۇنداق بىر ۋاقىتتا ئويۇن-تاماشا ۋە پايدىسىز گەپ-سۆز چىركىندۇر.

## مېيىتنى مازارغا قويغان كىشى ئوقۇيدىغان دۇئا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېيىتنى قەبرىگە قويغان چاغدا مۇنداق دەيتتى:

**بِسْمِ اللّٰهِ، وَعَلَى سُنَّةِ رَسُولِ اللّٰهِ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ**

ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن ۋە پەيغەمبەرنىڭ يولى بىلەن (سېنى ئۆزىتىپ قويىمەن.)



## مېيىتنى كۆمۈپ بولغاندىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا

مېيىتنى مازارلىققا قويۇپ بولغاندىن كېيىن، مازارنىڭ يېنىدا بىر ئاز ئولتۇرۇش ياخشىدۇر. بۇ يەردە ئولتۇرغانلار قۇرئان ئوقۇش، ئۆلگۈچىگە دۇئا قىلىش، باشقىلارغا نەسىھەت قىلىش، ياخشى ئادەملەرنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى ئاڭلىتىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ.

## مازارلىقنى زىيارەت قىلغۇچى ئوقۇيدىغان دۇئا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە قەۋرىستانلىقىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، مازارلىققا قاراپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

**اَلسَّلاَمُ عَلَيْكُمْ يَااَهْلَ الْقُبُورِ، يَغْفِرُاللّٰهُ لَنَا وَلَكُمْ، اَنْتُمْ سَلَفُنَا وَنَحْنُ بِالْاَثَرِ**

ئاللاھنىڭ سالامى سىلەرگە بولسۇن، ئەي قەبرە ئەھلى! ئاللاھ بىزنى ۋە سىلەرنى ئەپۇ قىلسۇن. سىلەر بىزنىڭ ئالدىمىزدا كەتتىڭلار، بىزمۇ سىلەرنىڭ ئىزىڭلاردا (ئارقاڭلاردىن كېلىمىز).

مازارلىقتا ياتقان ئۆلۈكلەرگە، باشقا ئۆلۈكلەرگە ۋە بارلىق مۇسۇلمان ئۆلۈكلەرگە كۆپلەپ دۇئا قىلىش، قۇرئان ئوقۇپ ساۋابىنى ئۆلۈككە ھەدىيە قىلىش زىيارەتچى ئۈچۈن ياخشىدۇر. يەنە مازارلىقنى كۆپ زىيارەت قىلىش، پەزىلەتلىك ياخشى كىشىلەرنىڭ مازىرى يېنىدا كۆپرەك تۇرۇش ياخشىدۇر.



مازارلىقنى زىيارەت قىلغاندا ياسىن سۈرىسى ياكى قىسقا سۈرىلەردىن ئۈچ ئىخلاس، فەلەق، ناس ۋە فاتىھە سۈرىلىرىنى ئوقۇساق بولىدۇ. بۇ سۈرىلەرنى بىلمىگەن كىشى پەقەت فاتىھە سۈرىسىنى ئوقۇپ ساۋابىنى ئۆلۈككە ھەدىيە قىلسا بولىدۇ.

## مەخپىي ۋە ئاشكارا بارلىق ئىشلاردا ياخشى نىيەت ۋە گۈزەل ئەخلاق

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

**اِنَّمَا الْاَعْمَالُ بِالنِّيَاتِ وَاِنَّمَا لِكُلِّ امْرِىءٍ مَانَوَى، فَمَنْ كَانَتْ هِجْرَتُهُ اِلَى اللّٰهِ وَرَسُولِهِ فَهِجْرَتُهُ اِلَى اللّٰهِ وَرَسُولِهِ، وَمَنْ كَانَتْ هِجْرَتُهُ اِلَى دُنْيَا يُصِيبُهَا اَوِ امْرَاَةٍ يَنْكِحُهَا فَهِجْرَتُهُ اِلَى مَاهَاجَرَ اِلَيْهِ**

«قىلىنغان بارلىق ئىشلار نىيەتكە باغلىقتۇر. (كۆڭۈلدىكى نىيەتكە ئاساسەن قىممەتكە ئىگە بولىدۇ)؛ شۇنداقلا ھەر كىشى ئۈچۈن پەقەت نىيەت قىلغان ئىشلا باردۇر. شۇڭا بەزى كىشىلەرنىڭ ھىجرىتى (بىر يەردىن باشقا بىر يەرگە بېرىشى) ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ ئۈچۈن بولغان بولسا، ئۇنىڭ ھىجرىتى ئاللاھ ۋە پەيغەمبەر يولىدا بولغان بولىدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ ھىجرىتى دۇنيالىق ئۈچۈن بولغان بولسا، ئۇنىڭغا ئېرىشىدۇ. ياكى ئايال ئۈچۈن بولغان بولسا، شۇ ئايالغا نىكاھلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھىجرىتى ھىجرەت قىلىشتىكى مەقسىدى بويىچە نەتىجىلىنىدۇ (كۆڭلىدىكى نىيەت بويىچە نەتىجىگە ئېرىشىدۇ).»

مۇسۇلمانلارنىڭ بارلىق ياخشى نىيىتى ۋە ئىشلىرى ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ۋە ئاللاھقا قۇللۇق قىلىش نىيىتى بىلەن بولىشى كېرەك. بۇ نىيەت بىلەن قىلىنغان ھەر قانداق ئىشقا ساۋاپ بېرىلىدۇ.

* ئىنسانلارغا بۇ نىيەت بىلەن ياردەم قىلغۇچى ساۋاپقا ئېرىشىدۇ.
* ھايۋانلارغا بۇ نىيەت بىلەن ياردەم قىلغۇچى ساۋاپقا ئېرىشىدۇ.
* دۈشمەنگە قارشى كۈچلۈك مۇسۇلمان بولۇش نىيىتىدە تەنھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى ساۋاپقا ئېرىشىدۇ.
* ئۆيىگە ھالال رىزىق ئېلىپ كىلىش ئۈچۈن ئىشلىگۈچى ساۋاپقا ئېرىشىدۇ.
* ئىپپەت ـ نۇمۇسىنى ساقلاش ۋە ھالال يولدىن جىنسىي ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن ئۆيلەنگەن كىشى ساۋاپقا ئېرىشىدۇ.
* ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىسىغا توغرا ئىشلاردا ئىتائەت قىلغۇچى ساۋاپقا ئېرىشىدۇ.
* ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن كۈچەت تىككەن ۋە ئۇنى سۇغارغان كىشى ساۋاپقا ئېرىشىدۇ.
* ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ۋە پاكىزلىق ئۈچۈن تاھارەت ئالغان، مۇنچىغا چۈشكەن كىشى ساۋاپقا ئېرىشىدۇ.
* ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دىن ۋە ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغداش ئۈچۈن ئەسكەرلىككە بارغان كىشى ساۋاپقا ئېرىشىدۇ.
* ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ناماز ئوقىغان كىشى ساۋاپقا ئېرىشىدۇ.
* ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن روزا تۇتقان كىشى ساۋاپقا ئېرىشىدۇ.
* ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن سەدىقە ۋە زاكات بەرگۈچى ساۋاپقا ئېرىشىدۇ.
* ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ھەج قىلغۇچى ساۋاپقا ئېرىشىدۇ.
* ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ئىلىم ئۆگەنگۈچى ساۋاپقا ئېرىشىدۇ.
* ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن كېسەللەرنى يوقلىغۇچى ساۋاپقا ئېرىشىدۇ.
* ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن پېقىرلارغا، ئاجىزلارغا، ھايۋانلارغا ياردەم قىلغۇچى ساۋاپقا ئېرىشىدۇ.

«سىلەر يەر يۈزىدىكىلەرگە مەرھەمەت قىلىڭلاركى، ئاسماندىكىلەرمۇ سىلەرگە مەرھەمەت قىلسۇن.»

«مەرھەمەت قىلمىغان كىشىگە مەرھەمەت قىلىنمايدۇ.»

## بىر مۇسۇلمان بالىنىڭ بىر كۈنلۈك ھاياتى:

بامدات نامىزى ئۈچۈن كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى ئورنىدىن تۇرىدۇ.
تاھارەت ئالىدۇ.
بامدات نامىزىنى جامەدە دادىسى بىلەن بىللە ئوقۇيدۇ.
بىر ئاز قۇرئان ئوقۇيدۇ. ناماز سۈرىلىرىنى يادلايدۇ.
بىر ئاز دەرس تەكرارلايدۇ ياكى كىتاب ئوقۇيدۇ.
غىزالىنىشتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن قولىنى يۇيىدۇ.
غىزادىن ئىلگىرى ۋە كېيىن دۇئا قىلىدۇ.
ناشتا قىلىدۇ.
سومكىسىنى ئېسىپ مەكتەپكە ماڭىدۇ ياكى ئىشلەيدىغان بولسا ئىش يېرىگە ماڭىدۇ.
چۈشلۈك تاماقنى يەيدۇ ۋە پېشىن نامىزىنى ئوقۇيدۇ.
ئەسىر نامىزىنى ئوقۇيدۇ.
كەچتە ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە ئۆيدىكىلەرگە سالام بېرىدۇ.
نامازشامنى ئوقۇيدۇ.
كەچلىك تاماق ئۈچۈن قولىنى يۇيۇپ دۇئا بىلەن يېيىشنى باشلايدۇ.
خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇيدۇ.
دەرس تەكرارلايدۇ ياكى كىتاب ئوقۇيدۇ.
ئۇيقۇسى كەلگەندە ئۇخلاشقا تەييارلىنىدۇ، دۇئا قىلىپ ئوڭ تەرىپىنى بېسىپ ياتىدۇ.
بۇ كۈننى قانداق ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئويلايدۇ. خاتالىقى بولسا تۈزىتىشنى، ياخشى ئىشلىرى بولسا كۆپەيتىشنى ئويلايدۇ. ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا پايدىلىق بىر ئادەم بولۇش ئۈچۈن تىرىشىدۇ.

## سۈرىلەرنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«10 نەرسە 10 نەرسىنى توسىدۇ:
1 ـ **فاتىھە** ئاللاھنىڭ غەزىپىنى،
2 ـ **ياسىن** سۈرىسى قىيامەت كۈنىدىكى سۇسىزلىقنى،
3 ـ **دۇخان** سۈرىسى قىيامەتنىڭ قورقۇنچى ۋە دەھشىتىنى،
4 ـ **ۋاقىئە** سۈرىسى پېقىرلىقنى، مىسكىنلىكنى،
5 ـ **مۇلك** سۈرىسى قەبرە ئازابىنى،
6 ـ **كەۋسەر** سۈرىسى دۈشمەنلەرنىڭ ئىنتىقامىنى،
7 ـ **كافىرۇن** سۈرىسى ئۆلۈم پەيتىدىكى كۇفۇرنى،
8 ـ **ئىخلاس** سۈرىسى ئىككى يۈزلىمچىلىك، سەممىيەتسىزلىكنى،
9 ـ **فەلەق** سۈرىسى چىدىماسلارنىڭ ھەسەتخورلۇقىنى،
10 ـ **ناس** سۈرىسى ۋەسۋەسىنى توسىدۇ.»

# مۇندەرىجە


بىسمىللاھ
دۇئا ھەققىدە پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەۋسىيلىرى ..... 4
دۇئانىڭ پايدىلىرى ..... 4
دۇئا قىلىشتىكى ئەدەب ـ قائىدىلەر ..... 4
دۇئا ئىجابەت بولىدىغان ۋاقىتلار ..... 5
دۇئاسى ئىجابەت بولىدىغانلار ..... 5
**ھېكايە** : سەكراتتا تىلى تۇتۇلۇپ قالغان ئادەم ..... 6
**شېئىر**: شۈكۈر ..... 8
ھەمىشە ۋە ھەر يەردە ئوقۇلىدىغان دۇئالار ..... 8
ھەر ۋاقىت ئوقۇسا ياخشى بولىدىغان دۇئالار ..... 10
يېگەندە ۋە ئىچكەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا ..... 11
يېمەك دۇئاسى ..... 11
**ھېكايە:** شەيتاننىڭ تاماققا شېرىك بولۇشى ..... 13
**ھېكايە** : ئىنتقا سۇ بەرگەن ئادەم ..... 14
**ھېكايە** : مۈشۈكنى سۇلاپ قويغان ئايال ..... 14
**ھېكايە** : بىسمىللاھنىڭ پەزىلىتى ..... 15
**ھېكايە** : تۆگىمىگەن تاماق ..... 15
مېھمان ئۆزىنى مېھمان قىلغۇچىغا قىلىدىغان دۇئا ..... 17
ئۇخلاش ئالدىدىكى دۇئا ..... 18
ئويغانغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا ..... 18
ئەتىگەندە ۋە كەچتە ئوقۇلىدىغان دۇئالار ..... 20
زىيانلىق نەرسىلەردىن، بالا ـ قازادىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئەتىگەن ۋە كەچتە ئوقۇلىدىغان دۇئا ..... 21
بالا ـ قازادىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئەتىگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا ..... 22
دۇنيا ۋە ئاخىرەت غەم ـ قايغۇلىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئەتىگەن ـ كەچتە ئوقۇلىدىغان دۇئا ..... 22
بالا ـ قازادىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇخلاش ئالدىدا ئوقۇلىدىغان باشقا بىر دۇئا ..... 23
ياتقاندا شەيتاننىڭ شەررىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان دۇئا ..... 24
**ھېكايە:** ئوغرىلىق قىلىۋاتقاندا تۇتۇلغان شەيتان ..... 24
ياتقان چاغدا بىئارام بولۇپ ئۇخلىيالمىغان كىشى ئوقۇيدىغان دۇئا ..... 26
ئۇخلىغاندا ياكى يالغۇز قالغاندا قورقىدىغان كىشى ئوقۇيدىغان دۇئا ..... 27
ياخشى كۆرىدىغان ياكى ئۆچ كۆرىدىغان بىر نەرسىنى چۈشىدە كۆرگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا ..... 27
كىيىم كىيگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا ..... 28
كىيىم سالغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا ..... 28
ئۆيدىن چىققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا ..... 29
ئۆيگە كىرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا ..... 29
سەپەرگە چىقماقچى بولغان كىشى ئوقۇيدىغان دۇئالار ۋە زىكىرلەر ..... 30
بىر قاتناش قۇرالىغا چىقىدىغان چاغدا ئوقۇيدىغان دۇئالار ..... 32
جىن ـ شەيتانلار ھەر خىل قىياپەتكە كىرىپ يولۇچىغا كۆرۈنگەن چاغدا ئوقۇلىدىغان دۇئالار ..... 33
ئەزان ..... 33
پاكىزلىق ..... 34
ھاجەتخانىغا كىرىدىغان چاغدا ئوقۇلىدىغان دۇئالار ..... 34
ھاجەتخانىدىن چىققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئالار ..... 35
تاھارەت ئالغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئالار ..... 35
جامىگە بېرىش ئۈچۈن ئۆيدىن چىققان كىشى ئوقۇيدىغان دۇئالار ..... 38
جامىگە كىرگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا ..... 38
نامازدا ۋە تەسبىھتە ئېيتىلىدىغان سۆزلەرنىڭ مەنىسى ..... 39
بامدات نامىزىدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا ..... 39
نامازدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان ئومۇمىي دۇئا ..... 40
ئاللاھتائالانىڭ گۈزەل ئىسىملىرى ۋە پەزىلەتلىرى ..... 41
ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە دۇرۇت ئوقۇش ..... 45
**ھېكايە:** بىر باڭكېرنىڭ ئاقىۋىتى ..... 45
ھاشارەتلەرنىڭ چېقىۋېلىشىغا قارشى ئوقۇلىدىغان دۇئا ..... 47
**ھېكايە:** قۇرئان شىپادۇر ..... 47
دەرت ـ ئەلەم، غەم ـ قايغۇ ۋە قەرزدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان دۇئا ..... 49
قەرز قايتۇرۇشتا قىينالغان كىشى ئوقۇيدىغان دۇئا ..... 49

ئىغىر قىيىنچىلىق ۋە پالاكەت پەيتلىرىدە ئوقۇلىدىغان دۇئا ........ 50
ئاغرىق، ئازاپ ۋە بىمارلار ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان دۇئا ........ 50
**ھېكايە**: كېمىدىن دېڭىزغا تاشلانغان يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسى ........ 51
بۇران ـ چاپقۇندا ئوقۇلىدىغان دۇئالار ........ 54
يامغۇر ياغقاندا ئوقۇلىدىغان دۇئالار ........ 55
يەر تەۋرىگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا ........ 55
بىر جەمىيەتتىن قورققان كىشىنىڭ ئوقۇيدىغان دۇئاسى ........ 55
دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقاندا ۋە يامان ئەھۋالدا ئوقۇلىدىغان دۇئالار ........ 56
قاراڭغۇدا، يالغۇزلۇقتا ۋە شەيتاندىن قورققاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا ........ 56
**ھېكايە:** ئەزان ئوقۇلغان ھامان شەيتان ئارقىسىغا قاراپ قاچىدۇ ........ 56
قىيىن ئىشقا يولۇققاندا ياكى ئىمتىھاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا ........ 57
ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ قالغان ۋە چۈشىدە قورققان كىشى ئوقۇيدىغان دۇئا ........ 57
كۆز تېگىش، سېھىر ـ ئەپسۇن ۋە زەھەرلىك ھاشارەتلەرگە قارشى ئوقۇلىدىغان دۇئالار ........ 57
كىشىنى خۇشال قىلىدىغان بىر نەرسىنى كۆرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا ........ 59
**ھېكايە**: كۆز تېگىش ........ 59
ئىنسان ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ياكى ياخشى كۆرمەيدىغاننى كۆرگەندە ئوقۇيدىغان دۇئا ........ 59
بىر نەرسىدىن شۇملۇق ھېس قىلغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا ........ 60
بىرەر نەرسە سېتىۋالغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا ........ 60
ئاچچىغى كەلگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا ........ 60
ئەينەككە قارىغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا ........ 61
قۇلىقى قىزىغان كىشى ئوقۇيدىغان دۇئا ........ 61
يېڭى مېۋە كۆرگەندە ئوقۇلىدىغان دۇئا ........ 61
ئىپتار قىلغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا ........ 61
سالام قىلىش، سالامنىڭ پەزىلىتى ........ 62
سالام بېرىش مۇۋاپىق بولمايدىغان يەرلەر ........ 62
مۇسۇلمان ئەمەسلەر بىلەن سالاملىشىش ........ 63
باللار بىلەن سالاملىشىش ........ 63
بىر يەردىن ئايرىلغاندا سالاملىشىش ........ 63
قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش ........ 63
چۈشكۈرگەن كىشىگە دۇئا قىلىش ۋە ئەسنەشنىڭ ھۆكمى ........ 64
بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلمان ئۈستىدىكى ھەققى ........ 64
يىغىلىشتىن تارقىغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا ........ 65
تىلنى ساقلاش ........ 65
ناچار ئەخلاقتىن ئاللاھقا سىغىنىش ........ 66
دۇنيا ۋە ئاخىرەت سائادىتى تىلەش ........ 66
تەۋبە ئىستىغفار دۇئالىرى ........ 67
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆگەتكەن تەۋبە دۇئاسى ........ 67
سەييىدۇل ـ ئىستىغفار دۇئاسى ........ 68
ئاللاھنىڭ ئەپۇ قىلىشىدىن ئۈمىت ئۈزمەسلىك ........ 68
قۇربانلىق قىلغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا ........ 69
**ھېكايە:** ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇربانلىق قىلىنىشى ........ 70
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىمارلار ئۈچۈن ئوقىغان شىپا دۇئالىرى ........ 71
بەدەندىكى ئاغرىقلارغا قارشى ئوقۇلىدىغان شىپا دۇئالىرى ........ 72
باش ئاغرىقى، قىزىتما ۋە باشقا ئاغرىقلارغا قارشى ئوقۇلىدىغان دۇئا ........ 73
سالامەتلىكىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن كىشى ئوقۇيدىغان دۇئا ........ 73
**ھېكايە:** ئاخىرەتكە سەپەر ........ 74
مېيىتنىڭ كۆزىنى يۇمدۇرغاندا ئوقۇلىدىغان دۇئا ........ 74
مېيىت ئىگىلىرى ئوقۇيدىغان دۇئا ........ 74
تەزىيەگە بېرىش ........ 75
جىنازىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭغانلار ئوقۇيدىغان دۇئا ........ 75
مېيىتنى مازارغا قويغان كىشى ئوقۇيدىغان دۇئا ........ 76
مېيىتنى كۆمۈپ بولغاندىن كېيىن ئوقۇلىدىغان دۇئا ........ 76
مازارلىقنى زىيارەت قىلغۇچى ئوقۇيدىغان دۇئا ........ 76
مەخپى ۋە ئاشكارا بارلىق ئىشلاردا ياخشى نىيەت ۋە گۈزەل ئەخلاق ........ 77
بىر مۇسۇلمان بالىنىڭ بىر كۈنلۈك ھاياتى ........ 78